ABDUL CELİL TURAN
Yeni Doğan Mah, Sok. 41
No. 7/1 Tel : 558 40 92
Zeytinburnu - İstanbul

ئىچكى ماتېرىيال
سىرتقا تارقىتىلمىسۇن

# ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشقا ئائىت ئۆگىنىش ماتېرىياللىرىدىن تاللانما

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات
بۆلۈمى تەرىپىدىن تۈزۈلدى

1990 - يىل 4 - ئاي

# ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشقا ئائىت ئۆگىنىش ماتېرىياللىرىدىن تاللانما

ئىچكى ماتېرىيال

سىرتقا تارقىتىلمىسۇن

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم
تەشۋىقات بۆلۈمىدىن تۈزۈلدى
1990 - يىل 4 - ئاي

# تۈزگۈچىدىن

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا چىڭ تۇرۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش — بۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي مۇقىملىقى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشتىكى ھالقا. شىنجاڭغا ئاساسىي خەۋپ «شەرقىي تۈركىستان» بايرىقىنى كۆتۈرۈۋالغان مىللىي بۆلگۈنچىلىكتىن كېلىدۇ. بىز پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئەجابىي تەربىيە ئېلىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىللىي بۆلۈنۈشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى مۇقىم ئورۇنغا قويۇپ تۇتۇشىمىز، بولۇپمۇ مۇھىمى، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرىغا مەيدانى مۇستەھكەم، بايرىقى روشەن ھالدا ماركسىزملىق مىللەت قارىشىدا چىڭ تۇرۇش، بۇرژۇئا مىللەتچىلىكىگە قەتئىي قارشى تۇرۇش، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرگە قارشى قەتئىي بوشاشماستىن كۈرەش قىلىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىشىمىز كېرەك. مۇشۇ مەقسەتتە، كۆپچىلىكنىڭ ئۆگىنىشى ئۈچۈن بۇ كىتابچىنى تۈزۈپ چىقتۇق.

# مۇندەرىجە


جىياڭ زېمىن: مەملىكەتلىك مىللىي ئىشلار كومىتېت-
لىرى مۇدىرلىرى يىغىنىنىڭ ئەھۋالى دوكلات
قىلىنغاندا سۆزلىگەن سۆز.......... 1

چېگرىغا جايلاشقان مىللىي رايونلارنى
يەنىمۇ مۇقىملاشتۇرۇشقا دائىر بىر قانچە
ئەھۋال ۋە پىكىر.......... 6

لى پېڭ: مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ،
مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئەمەلگە
ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلايلى... 20

ۋاڭ ئېنماۋ: ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، مىللىي
بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرايلى .......... 41

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيىلىك كادىرلار
يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆز .......... 76

سۇڭ خەنلياڭ: مىللىي بۆلگۈنچىلىك — شىنجاڭدىكى
ئاساسىي خەۋپ .......... 97

مۇقىملاشتۇرۇش خىزمىتىنى قەتئىي تەۋرەن-
مەستىن داۋاملىق ياخشى تۇتايلى .......... 106

ئاقتۇ ناھىيىسى بارىن يېزىسىدا يۈز بەر-
گەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنىڭ
تىنجىتىلىش ئەھۋالى توغرىسىدا ئومۇمىي
ئۇقتۇرۇش .......... 114

## يولداش جياڭ زېمىننىڭ مەملىكەتلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرى مۇدىرلىرى يىغىنىنىڭ ئەھۋالى دوكلات قىلىنغاندا قىلغان سۆزى

(1990 - يىل 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى)

بۇ قېتىمقى مەملىكەتلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرى مۇدىرلىرىنىڭ يىغىنى 2 - ئاينىڭ 13 - كۈنى باشلاندى. يولداش ئىسمايىل ئەمەت يىغىندا خىزمەت دوكلاتى بەردى، مەن ۋە يولداش لى پېڭ ئۇنى كۆردۇق، بۇ دوكلات ناھايىتى ياخشى بوپتۇ، دەپ ھېسابلىدۇق.

مەملىكىتىمىز كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك مەملىكەت. قانداق قىلىپ يېڭى ۋەزىيەتتە پارتىيىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللىي رايونلارنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى تېزرەك ئۇدا، مۇقىم، ماس ھالدا راۋاجلىنىش يولىغا سېلىش ھەمدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پەن - مەدەنىيەت ساپاسىنى ئىرىشىپ ئۆستۈرۈش — ئىنتايىن مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ۋە تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە چوڭ مەسىلە، ئۇ دۆلەتنىڭ ئۇزاق خاتىرجەملىكى ۋە گۈللەپ قۇدرەت تېپىشىغا مۇناسىۋەتلىك. ئۇنىڭغا يۈكسەك

دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. پارتىيىمىز ۋە دۆلىتى-
مىز مىللەتلەر خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ
كەلدى.

باياتىن يولداش ئىسمايىل ئەمەت ھازىرقى مىللەت-
لەر خىزمىتىدىكى بىر نەچچە مۇھىم مەسىلىنى قىسقىچە
چۈشىنىشلىك قىلىپ دوكلات قىلىپ ئۆتتى، ئاساسىي پى-
كىر قىلىش يولى ياخشى. تۆت يولداش سۆز قىلدى، ئۇ-
لارنىڭ سۆزىمۇ ياخشى بولدى. يولداش لى پېڭ ناھايى-
تى مۇھىم، ناھايىتى ئەتراپلىق سۆز قىلدى، مەن ئۇنىڭ-
غا تامامەن قوشۇلىمەن.

يولداش ئىسمايىل ئەمەت قىلغان دوكلاتىدا دۇنيا-
دا مىللىي مەسىلىنىڭ خېلى ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇتلۇقىنى،
بۇنىڭ سەل قاراشقا بولمايدىغان مەسىلە ئىكەنلىكىنى
ئېيتىپ ئۆتتى. ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئەھۋالى ئوخشاش
ئەمەس، مەسىلەن، سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئالساق، ئۇلارنىڭ
ئەھۋالى بىزنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ، ئۇلاردىكى ئاز سانلىق
مىللەتلەر ئاھالىسىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى چوڭ، يېرىمى-
غا يېقىنراقىنى ئىگىلەيدۇ، مىللىي زىددىيەت ئىنتايىن ئۆت-
كۈر؛ دەرۋەقە، ھالقا مىللەتلەر ئاھالىسىنىڭ نىسبىتىدە
ئەمەس، مىللىي سىياسەتتە.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 40 يىلدىن بۇيان، پارتىيىمىزنىڭ
مىللىي سىياسىتى ماركسىزم - لېنىنىزملىق سىياسەت بولدى،
مىللەتلەر ئىتتىپاق بولدى. بۇلتۇر 11 - ئايدا مەن يۈن-
نەندىكى جىنۇشەنگە باردىم، يۈننەندە 24 ئاز سانلىق
مىللەت بار، خەنزۇلارنى قوشقاندا 25 مىللەت بار، جىنو-
مىللىتىنىڭ نوپۇسى 150 مىڭ. يېڭى بارغاندا، كاتتا مەر-

كە بولدى، مەن ئۇلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتىنى بىلمەيدىكەن-
مەن. ئۇلارنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاپ، بەزى ئامىنى زىيارەت
قىلىپ، ئۇلاردا كومپارتىيىگە، سوتسىيالىستىك ۋەتەنگە
نىسبەتەن چوڭقۇر مۇھەببەتنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدىم.
ئۇلاردا تېلېۋىزور ئۆيمۇ ئۆي بولمىسىمۇ، بىر قىسىم ئائى-
لىلەردە بار ئىكەن. «4 - ئىيون» توپىلاڭ تىنجىتىلغاندىن
كېيىن، كەچمۇ بولىدىكەن ھەممەيلەن تېلېۋىزورنىڭ ئال-
دىغا يىغىلىۋالىدىكەن، بېيجىڭنىڭ ۋەزىيىتىگە، دۆلەتنىڭ
تەقدىرىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدىكەن. دۆلىتىمىزدىكى
بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەر بىرنەچچە جەمئىيەت تەرەق-
قىيات باسقۇچىنى ئاتلاپ ئۆتتى، جىنو مىللىتى ئىپتىدائىي
جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن بىۋاسىتە سوتسىيالى-
زىمغا ئۆتتى، ئۇلار سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنىڭ مىللەت-
لەر بۈيۈك ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى. ئاز سانلىق مىللەت-
لەر بىرنەچچە يىللىق تەرەققىيات ئارقىسىدا، ناھايىتى
زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى، ئۇلار كومپارتىيىنىڭ رەھ-
بەرلىكى بولمىسا، سوتسىيالىزم بولمىسا، بۇنداق تەرەققى-
ياتنىڭ بولمايدىغانلىقىنى بىۋاسىتە ھېس قىلدى. لېكىن
ياخشى تەرەپنىلا كۆرۈپ، خەلقئارادىكى ئەكسىيەتچى كۈچ-
لەر ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى بەزى دۈشمەن ئۇنسۇرلار-
نىڭ دائىم بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق قىلىش كويىدا
بولۇۋاتقانلىقىغا ھەرگىز سەل قارىماسلىق لازىم، بۇنىڭغا
ئىنتايىن ھوشيار بولۇش كېرەك. بابا شىزاڭدىن يولداش
يۇگا ناھايىتى ئوبدان سۆز قىلدى. بۆلگۈنچىلىك بىلەن
بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش سىياسىي كۈرەش، ماھىيەتتىن
ئالغاندا، مىللىي مەسىلە ئەمەس، دىنىي مەسىلىمۇ ئەمەس،

لېكىن ئۇكوپ ھاللاردا مىللەت ۋە دىنىنى باپراق قىلىپ ئېلىپ بېرىلىدۇ، شۇڭا مەسىلىنى مۇرەككەپلەشتۈرۈپ قويىدۇ. بۇنداق مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا كادىرلىرىمىزدىن سىياسەت ۋە تاكتىكىغا ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. شىنجاڭ مىللىي ئىشلار كومىتېتىدىن كەلگەن يولداش مەملىكەت ئىچىدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ سىڭىپ كىرىش ۋە تەسىرىگە دىققەت قىلىشنى ئېيتىپ ئۆتتى، بۇ ياخشى ئېيتىلدى. ئەگەر بەزىلەر بۆلگۈنچىلىك قىلىپ، سىڭىپ كىرمەكچى بولىدىكەن، ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرۇشىمىز لازىم. بىزدىكى مىللىي مەسىلە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مەسىلە، ئىچكى - تاشقى بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاش لازىم.

تۆۋەندىكى مىللەتلەر خىزمىتى توغرىسىدىكى بىر نەچچە مۇھىم مەسىلىنى يولداش لى پېڭ سۆزلەپ ئۆتتى. مەن بىر مەسىلىنى يەنە تەكىتلەپ ئۆتمەكچىمەن: ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش، تەربىيىلەش، ئىشقا سېلىشقا يۇقىرى دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ مىللىي مەسىلىنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم رولى بار. بۇنىڭدىن كېيىن ئادەتتىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە داۋاملىق ئەھمىيەت بېرىش بىلەللا قالماي، يۇقىرى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بەزىدە ماركسىزم - لېنىنىزملىق سەۋىيىگە، يۇقىرى سىياسىي ئاڭغا، شۇنداقلا ئوبدان پەن - مەدەنىيەت بىلىمىگە ئىگە بىر

تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى بولغاندىلا، مەدىنىي ۋە دىنىي مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا كۆپ ئۇڭۇشلۇق بولىدۇ. باشقىسىنى قويۇپ، دىنىي مەسىلىنى ئالساق، كۆپ يىللاردىن بېرى سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيىنى تۇتۇش يېتەرلىك بولمىغانلىقتىن، بەزى كومپارتىيە ئەزالىرى قايمۇقۇپ قالدى. بىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىمىزدا دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى بار دېگەن بىر ماددا بار، يەنى دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىمۇ بار، ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىمۇ بار. بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، ماركسىزم-لېنىنىزملىق ئاتېئىزمنى تەشۋىق قىلىش ئاز بولدى. بۇنىڭدىن كېيىن بۇنى ھەرگىز بوشاشتۇرۇپ قويماسلىق كېرەك. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك. بۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم.

# چېگرىغا جايلاشقان مىللىي رايونلارنى يەنىمۇ مۇقىملاشتۇرۇشقا دائىر بىر قانچە ئەھۋال ۋە پىكىر

( 1990 - يىل 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى )

جياڭ زېمىن

يولداشلار :

بۈگۈن چېگرىغا جايلاشقان مىللىي رايونلارنىڭ ۋەزىيىتىنى يەنىمۇ مۇقىملاشتۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە ئورتاق مەسلىھەتلىشىش ۋە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىش يۈزىسىدىن، چېگرىغا جايلاشقان مىللىي رايونلاردىن ۋە شېنياڭ، بېيجىڭ، لەنجۇ، چېڭدۇ ھەربىي رايونىدىن كېلىپ بۇ قېتىمقى مەركىزىي كومىتېت ئومۇمىي يىغىنىغا قاتناشقان يولداشلارنى تەكلىپ قىلىپ سۆھبەت يىغىنى ئاچتۇق. شۇنداقلا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ھەرقايسى بۆلۈملىرى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ ئالاقىدار مىنىستىرلىكلىرىدىن ئومۇمىي يىغىنغا قاتناشقان يولداشلارنىمۇ تەكلىپ بىلەن بۇ يىغىنغا قاتناشتۇردۇق. بۈگۈنكى يىغىنغا لى پېڭ زۇڭلى ۋە يولداش چياۋ شى، سۇڭ پىڭلار، يەنە يولداش دىڭ گۇەنگېن، ياڭ بەيبىڭلار قاتناشتى. بۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ چېگرىغا

جايلاشقان مىللىي رايونلارنىڭ خىزمىتىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقى ۋە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بۇ قېتىمقى ئومۇمىي يىغىنىدا پارتىيىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى كۈچەيتىش، ئاممىۋى لۇشيەندە مېڭىشتىن ئىبارەت ياخشى ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدا مۇھىم قارار چىقىرىلدۇ. چېگرىغا جايلاشقان مىللىي رايونلارنىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، چېگرا رايونلارنىڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاشتىمۇ ئوخشاشلا قەتئىي تەۋرەنمەستىن ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ۋە ئۇلارغا تايىنىپ، ئارمىيە ـ خەلق ئىتتىپاقلىشىپ بىرلىكتە مۇستەھكەم، مەدەنىيەتلىك چېگرا مۇداپىئەسى بەرپا قىلىپ، ھەقىقىي پولات ئىستىھكام شەكىللەندۈرۈش لازىم.

بايا، يولداش سۇڭ خەنلياڭ، بوخ، خو جىنتاۋلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا شىنجاڭ، ئىچكى موڭغۇل، شىزاڭنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ، ياخشى تەجرىبە، ياخشى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتى. تۆۋەندە چېگرىغا جايلاشقان مىللىي رايونلارنىڭ ۋەزىيىتىنى يەنىمۇ مۇقىملاشتۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدا بىرنەچچە ئەھۋال ۋە پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

**1. ئومۇمىي ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئېلىمىزنىڭ چېگرا رايونلىرى مۇقىم.**

تۆۋەنكى خەلقئارا كىلىمات ۋە ئىچكى كىلىمات شارائىتىدا، چېگرىغا جايلاشقان مىللىي رايونلارنىڭ مۇقىم بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىدا، مېنىڭچە، مۇنداق بىرقانچە مۇھىم سەۋەب بار:

1) ئېلىمىزدىكى مىللەتلەر ئۇزاق تارىخىي جەريانىدا بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەتنى شەكىللەندۈردى. بولۇپمۇ يېقىنقى يۈز يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ھەر مىللەت خەلقى زوراۋانلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى، زۇلۇمى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە تەڭ ئۇچرىدى، چەتنىڭ زۇلۇمىغا قارشى كۈرەش قىلىش داۋامىدا، مىللەتلەرنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە مەركەزگە ئىنتىلىش كۈچى زور دەرىجىدە ئېشىپ، «جۇڭخۇا مىللەتلىرى» دېگەن بۇ باشقا كەلگەن كۈننى تەڭ كۆرگۈزىدىغان، بىر ياقىدىن باش چىقارغۇزىدىغان ئورتاق نام بارلىققا كەلدى.

2) پېشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرى ماركسىزم-لېنىنىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىنى جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر يۈرۈش مىللىي سىياسەتلەرنى تۈزۈپ بەردى. بۇ مىللىي سىياسەتلەردە جۇڭگوچە ئالاھىدىلىك تۆۋەندىكى ئۈچ جەھەتتە روشەن گەۋدىلەندۈرۈلدى: بىرىنچى، مىللەت چوڭ بولسۇن، كىچىك بولسۇن، بىردەك باراۋەر دېگەن پرىنسىپ يولغا قويۇلدى. ماۋجۇشى 1953-يىلى مەركىزىي كومىتېتنىڭ بىر قېتىملىق يىغىنىدا خۇلاسە قىلىپ، «ئىلمىي تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ، لېكىن سىياسىي جەھەتتە قايسىسىنىڭ مىللەت، قايسىسىنىڭ ئۇلۇس ياكى قەبىلە ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرۈپ ئولتۇرماسلىق كېرەك» دەپ ئېنىق كۆرسەتكەنىدى. بۇ يوليورۇققا ئاساسەن، پارتىيە ۋە دۆلەت ئومۇمەن جۇڭگو زېمىنىدا ياشاۋاتقان مۇقىم كىشىلەر ئورتاق گەۋدىسى ئىكەن، مەيلى نوپۇسى كۆپ ياكى ئاز بولسۇن، زېمىنى چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن، ئىجتىمائىي

تەرەققىيات باسقۇچى يۇقىرى ياكى تۆۋەن بولسۇن ۋە ئا-
ساسى گەۋدىسى دۆلىتىمىزنىڭ چېگرىسى ئىچىدە بولسۇن-
بولمىسۇن، تارىختا شەكىللەنگەن ئىقتىسادىي تۇرمۇش،
تىل - يېزىق، كىيىم - كېچەك ۋە زىننەت بۇيۇمى،
ئۆرپ - ئادەت، مىللىي ئاڭ قاتارلىق جەھەتلەردە روشەن
ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولسىلا، ئۇلارنى «مىللەت» دەپ
ئاتاش كېرەك، دەپ قارار قىلدى. دۆلەت مەمۇرىي كې-
ڭىشى ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ھا-
قارەتلەيدىغان، كونا جۇڭگودىن قېپقالغان يەر ناملىرى،
مىللەت ناملىرى قاتارلىقلارنى ئەمەلدىن قالدۇردى. ئىك-
كىنچى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش-
نى دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى ئاساسىي
تۈزۈمى قىلىپ، «مىللەتلەر ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلىشى
كېرەك»، «فېدېراتسىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇش كېرەك» دېگەن
شوئارلار بىكار قىلىندى. 1945 - يىل 10 - ئاينىڭ 23 - كۈنىلا
پارتىيىمىزنىڭ مەركىزىي كومىتېتى «نۆۋەتتە
ئىچكى موڭغۇلغا قارىتىلغان ئاساسىي فاڭجېن تېررىتورى-
يىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش»تىن ئىبارەت دەپ
كۆرسەتتى. 1946 - يىل 2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، پارتىيە
مەركىزىي كومىتېتى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ «تىنچلىق ئاساسى-
دا دۆلەت قۇرۇش پروگراممىسىدىكى تەلەپلەرگە ئاساسەن،
مىللىي باراۋەرلىك ئاساسىدىكى ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش
كېرەك، لېكىن مۇستەقىل ھالدا ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى
بەلگىلەش كېرەك، دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويماسلىق
كېرەك» دەپ كۆرسەتتى. 1947 - يىل 5 - ئاينىڭ
1 - كۈنى، بىز ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنى

قۇردۇق. ئۈچىنچى، ئىتتىپاقلىشىش بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشنى زىچ بىرلەشتۈرۈش، بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇلدى. 1952 - يىلى مەركىزىي كومىتېت «ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ بەش يىللىق قۇرۇلۇش پىلانى توغرىسىدا بىر قانچە پرىنسىپال پىكىر»نى تارقىتىپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ۋە مۇستەھكەملەش — مىللىي خىزمەتنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. 40 يىلدىن بۇيان، دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى ئىشلىرىدا شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنىڭ يۆتكىلىشىگە ئەگىشىپ، مىللىي رايونلار ۋە ئازسانلىق مىللەتلەر كۆرۈنەرلىك تەرەققىياتقا ۋە ئىلگىرىلەشكە ئىگە بولدى، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئاساسى كېڭەيدى ۋە كۈچەيدى.

3) بۇلتۇر بېيجىڭدا يۈز بەرگەن مالىمانچىلىق، توپىلاڭ ۋە باشقا شەھەرلەردە يۈز بەرگەن مالىمانچىلىق، پاراكەندىچىلىك تىنچىتىلغاندىن كېيىن، چېگرىغا جايلاشقان مىللىي رايونلارنىڭ خىزمىتى كۈچەيتىلدى. بۇلتۇر 9 - ئايدا گوۋۇيۈەن 62 - نومۇرلۇق ھۆججەتنى تارقاتتى، مىللىي رايونلار بويىچە نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش خىزمىتى يىغىنىنى چاقىردى، مەن بۇ يىغىندا سۆز قىلدىم. 10 - ئايدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شىزاڭ مەسىلىسىنى مەخسۇس

مۇھاكىمە قىلدى، ئارقىدىنلا «مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ خىزمىتىنى مۇزاكىرە قىلىش يىغىنىنىڭ خاتىرىسى»نى تارقاتتى. شىنجاڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ئۇنى ئەستايىدىل يەتكۈزدى ۋە ئىزچىللاشتۇردى. بۇ يىل 1 - ۋە 2 - ئايدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن شەرقىي ياۋروپانىڭ ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋەزىيىتىدە ئۆزگىرىش بولغانلىقى ھەققىدە ئۇقتۇرۇش تارقاتقاندىن كېيىن، جايلار ئۇنى ۋاقتىدا مۇھاكىمە قىلدى ۋە ئىزچىللاشتۇردى. شىنجاڭ، شىزاڭ، ئىچكى موڭغۇل قاتارلىق ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردىكى پارتىيە كومىتېتلىرى دائىمىي ھەيئەت يىغىنىنى چاقىرىپ، ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش خىزمىتىنى مەخسۇس مۇزاكىرە قىلىپ، تەدبىر قوللاندى. 2 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەن يەنە مەملىكەتلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتى مۇدىرلىرى يىغىنىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلىدى. مەن ۋە يولداش لى پېڭ بۇ يىغىندا سۆز قىلدۇق، ھازىر جايلار ئۇنى يەتكۈزۈۋاتىدۇ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇۋاتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى چېگرىدىكى جايلاشقان مىللىي رايونلارنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاشتا زور رول ئوينىدى. بۇ يىل 2 - ئاينىڭ 26 - كۈنى زاڭزۇ كالىندارى بويىچە تۆمۈر ئات يېڭى يىلى يېتىپ كەلگەن كۈنى بولۇپ، لاسا شەھىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا زاڭزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلار بايرام خۇشاللىقىغا چۆمدى، 3 - ئاينىڭ 5 - ۋە 10 - كۈنلىرىمۇ لاسانىڭ ۋەزىيىتى مۇقىم بولدى.

2. ئەتىجەلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، چېگرا رايونلاردىكى تۇرلۇك تىنچسىزلىق ئامىللىرىنى تۇگىتىشكە يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

1) ئىچكى - تاشقى بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار ۋە ئەكسىيەتچى كۈچلەر بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتىنى ئەزەلدىن توختىتىپ قويغىنى يوق، شىزاڭنى كۆزلەپ تۇرغان دالاي گۇرۇھى، شىنجاڭنى كۆزلەپ تۇرغان ئەيسا گۇرۇھى ۋە ئىچكى موڭغۇلنى كۆزلەپ تۇرغان «موڭغۇلىيە» گۇرۇھى ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا شۋېتسارىيىدە بىرلەشمە ئاپپارات قۇردى، يېڭى دېھلىدە ئورگان ژۇرنىلى نەشر قىلدى، بەزى بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۇرۇش بىلەن شۇغۇللانغان ئۇنسۇرلار بىلەن بىرلىشىپ كەتتى. بەزىلىرى جۇڭگونىڭ ئازسانلىق مىللەت رايونلىرىدىن «دېمىشۋارا»غا ئوخشاش جايلارنى تېپىشقا ئۇرۇندى. يېقىندا، دالاي ھەتتا بىزدىن شەرقىي ياۋروپا ماڭغان يولغا مېڭىشنى ئاشكارا تەلەپ قىلدى ھەمدە يارىشىش مەيدانىمنى ئۆزگەرتمەن دەپ تەھدىت سالدى. شىزاڭنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى بۆلگۈنچىلەر بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتىنى تېزلەتتى، چاڭدۇ رايونىدىكى لولۇڭ ناھىيىسىدە بىر كۈن ئىچىدىلا پارتلىتىش، قاتىللىق قىلىش ۋە ئەكسىلئىنقىلابىي شوئار چاپلاش دېلوسى يۈز بەردى. موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى «دېموكراتىيە ئىتتىپاقى» قاتارلىق ئۆكتىچىلەر جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدىكى «موڭغۇل قېرىنداش»لىرىمىزنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتۇق دەۋالدى. موڭغۇلىيە ئىچىدىكى بەزىلەر يەنە سوۋېت

ئىستىپاقىدىكى بۇرىيات (موڭغۇل) ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى بىلەن دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئاتالمىش بۈيۈك موڭغۇلىيە قۇرۇشقا ئۇرۇنغان. ئىچكى موڭغۇل ۋە شىنجاڭنىڭ ئىچى - سىرتىدىكى ئەكسىيەتچىلەرنىڭ تۇۋلىغان شوئارلىرىنىڭ مەزمۇنى تولىمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ، مەسىلەن، «بىزگە يادرو سىنىقى كېرەك ئەمەس»، «بايلىقنى تالان - تاراج قىلىشقا قارشى تۇرايلى»، «سىرتتىن كەلگەنلەرنى قوغلاپ چىقىرايلى» دېگەنلەرگە ئوخشاش.

2) چېگرا رايونىنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ باشقا جايلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتى جەھەتتە يەنە ناھايىتى چوڭ پەرق بار، بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسى ھازىرغىچە ھەل بولمىدى. بەزى جاي ۋە تارماقلاردا خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلىش جەھەتتە مىللىي مەسىلىگە سەل قارايدىغان، «ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەيدىغان» ئەھۋاللار ھېلىمۇ مەۋجۇت. دۆلەتنىڭ مىللىي رايونلاردا بايلىق ئېچىشى مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ناھايىتى زور رول ئوينىدى. لېكىن شۇ جاينىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىگە ئېتىبار بېرىشكە دېگەندەك دىققەت قىلماسلىق مەسىلىسىمۇ مەۋجۇت. بۇ مەسىلىنى تەدرىجىي ھەل قىلىش ئۈچۈن، گوۋۇيۈەن مۇناسىپ تەدبىر قوللاندى ياكى قوللانماقتا. نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش خىزمىتى قاتارلىق خىزمەتلەردە ناھايىتى زور

ئۇنۇم ھاسىل قىلىندى. لېكىن نۇرغۇن سىياسەت، تەدبىرلەرنى ھەققىي تۇردە دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، زور ئەجىر سىڭدۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ، پەرقىنى كىچىكلىتىش تېخىمۇ ئۇزاق مۇددەتلىك ۋەزىپە.

3) ماركسىزملىق مىللەت قارىشى، مىللەت نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش، بۇ جەھەتتە تەربىيە ئېلىپ بېرىش دېگەندەك كەڭ، چوڭقۇر بولمىغانلىقى، بولۇپمۇ ياشلار، ئۆسمۈرلەر، قىسمەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمەتچىلىرى ۋە كادىرلارغا تەربىيە بېرىش يېتەرسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆرپ ـ ئادەت، دىنىي ئېتىقاد قاتارلىق نازۇك مەسىلىلەردە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىدىغان ئىشلار كۆرۈلۈپ تۇرماقتا. چېگرا رايونغا جايلاشقان ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەردە تارقاقلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى ئوتتۇرىسىدا ئىنتايىن قويۇق ئالاقە بار. كۆپ ھاللاردا بۇ جايدا ۋەقە چىقسا، تېزلا باشقا جايلارغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، «جىنسىي تۇرمۇش ئادەتلىرى» دېگەن كىتاب چوڭ ۋەقە تېرىدى، ئۈرۈمچى ۋە لەنجۇ شەھىرىدە نەچچە 10 مىڭ كىشى نامايىشقا چىقتى، بەزىلىرى ھەتتا رەھبىرىي ئورگانلارغا بېسىپ كىرىپ ئاپتوموبىللارنى كۆيدۈردى ۋە چاقتى.

يۇقىرىقى مەسىلىلەر ۋە تىنچسىزلىق ئامىللىرىغا ئىنتايىن دىققەت قىلىشىمىز ھەمدە ئۇنى ئەستايىدىل تۈگىتىشىمىز لازىم. مەسىلىلەر ئېغىرراق چاغلانسىمۇ

چاغلانسۇنكى، ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈپ، ۋەقە يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئالايلى، ھەرگىزمۇ بىپەرۋالىق قىلمايلى.

**3. بۇنىڭدىن كېيىن مۇنداق بىر قانچە جەھەتتىكى خىزمەتنى ھەقىقىي تۇردە ئوبدان ئىشلەش لازىم.**

ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقى ئارقىلىق توغرىلىقى ئىسپاتلانغان بىر يۈرۈش فاڭجېن، سىياسەتلەردە چىڭ تۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى بىلەن زىچ ئىتتىپاقلىشىپ ۋە ئۇلارغا قەتئىي تايىنىپ، خىزمەتلەرنى تىرىشىپ ئوبدان ئىشلەيدىغانلا بولساق، ھەر خىل ۋەقەلەرگە تاقابىل تۇرۇپ، چېگرىدىكى جايلاشقان مىللىي رايونلارنىڭ مۇقىملىقىنى داۋاملىق ساقلىيالايمىز ھەمدە ۋەزىيەتنىڭ ئۈزلۈكسىز ياخشى تەرەپكە قاراپ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرەلەيمىز. بولمىسا، ھازىرقى كىملىماتتا ۋە ئىچكى - تاشقى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ قۇترىتقۇلۇق قىلىشى، بۇزغۇنچىلىق سېلىشى ئارقىسىدا، بىر قەدەر زور مەسىلە كۆرۈلۈشى، بىر قەدەر زور قالايمىقانچىلىق پەيدا بولۇشى مۇمكىن.

1) بۆلگۈنچىلىك سېلىشقا، سىڭىپ كىرىشكە بايرىقىمىز روشەن ھالدا قارشى تۇرۇشىمىز لازىم. بۆلگۈنچىلىك قىلىدىغانلار ھەر قانداق ۋاقىتتا ئىنتايىن ئاز ساندا بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقى ۋە زىيىنىدىن يۈكسەك دەرىجىدە ھوشيار بولۇپ، كەڭ كادىرلار ۋە ئامما بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ۋە ئۇلارغا تايىنىپ، بۆلگۈنچىلەرگە قارشى قەتئىي كۈرەش ئېلىپ بېرىش لازىم. يوشۇرۇن ئاپەتنى تۈگىتىش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى پائال تۇردە، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوبدان ئىشلەش لازىم. شۇنىڭ

بىلەن بىر ۋاقىتتا، تاسادىپىي يۈز بېرىدىغان ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ لايىھىسىنى ئالدىن تۈزۈپ، تەييارلىق كۆرۈپ تۇرۇش كېرەك. تىرىشىپ تۇرلۇك بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى پىلانلىنىش باسقۇچىدا توسۇپ، بىخ ھالىتىدە بىر تەرەپ قىلىش، ئۇنىڭ يامراپ كېتىشىگە ھەرگىز يول قويماسلىق لازىم. چەت ئەللەردىكى دىن بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ سىڭىپ كىرىش بىلەن شۇغۇللى-نىدىغانلاردىنمۇ ھوشيار بولۇش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا دىققەت قىلىش لازىم.

2) ئىقتىسادنى ۋە مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش خىزمىتىنى پۇختا ھالدا ئوبدان ئىشلەش كېرەك. بولۇپمۇ ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈپ، ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى ۋە تۇرمۇشىنى كۆڭۈل بۆلۈپ، ئاممىنىڭ كىيىمىنى پۈتۈن، قورسىقىنى توق قىلىش مەسىلىسىنى ئىمكان قەدەر تولۇق ھەل قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتىپ، ئورتاق گۈللىنىش نىشانىغا قاراپ ئىلگىرىلەش كېرەك. گوۋۇيۈەن قوللانغان تەدبىرلەرنى ۋە يولغا قويۇلۇپ ئۈنۈم بېرىپ كېلىۋاتقان سىياسەتلەرنى چوقۇم ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. بۇنىڭدىن كېيىن بەزى سىياسەت جەھەتتە كونا ئىنقىلابىي بازىلار، ئاز سانلىق مىللەت رايون-لىرى، چېگرا رايون ۋە نامرات رايونلارغا مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش روھىنى جارى قىل-دۇرۇشنى تەكىتلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يار - يۆلەك بولۇش ۋە ياردەم بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

3) چېگرىدا جايلاشقان مىللىي رايونلارنىڭ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىشىنى داۋاملىق ياخشى ئېلىپ بېرىش

كېرەك. ئىناق قوشنىدارچىلىق، دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ۋە چېگرا سودىسىنى شۇنىڭدەك ئىقتىسادىي - تېخنىكىۋى ھەمكارلىقنى راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن تەڭ، چېگرا سودىسىغا بولغان باشقۇرۇشنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىپ، ئىجابىي رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، پاسسىپ ئامىللارنى تۈگىتىپ، ئۇنى ساغلام راۋاجلاندۇرۇش كېرەك.

4) ماركسىزم - لېنىنىزم. ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىگە خاس مىللەت قارىشى توغرىسىدىكى تەشۋىق - تەربىيىنى كۈچەيتىش، بۇنىڭدا ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار، بىلىم ساھەسىدىكىلەر ۋە ياش - ئۆسمۈرلەرنى مۇھىم نۇقتا قىلىش كېرەك. ئوڭايلا ئاممىنىڭ زىددىيىتىنى قوزغاپ قويىدىغان نازۇك مەسىلىلەرگە ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنى ۋاقتىدا ئوبدان بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇشنى كۆزدە تۇتۇپ، تەشۋىقات، جامائەت پىكرى خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش كېرەك. ئالايلۇق، قىسمەن ئاز سانلىق مىللەتلەر «يەندى، خۇاڭدى ئەۋلادلىرى» دېگەنگە ئوخشاش ئاتاشلارغا قارىتا ئوخشاش بولمىغان پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتىدۇ، ھەر مىللەت خەلقىگە بولغان چاقىرىق كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى قىسمىدا «جۇڭخۇا مىللەتلىرى»، «جۇڭخۇا ئوغۇل - قىزلىرى» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى قوللىنىشنى مۇھاكىمە قىلىپ كۆرۈشكە بولىدۇ. يەنە ئالايلۇق، بەزى تارىخىي ۋەقەلەر ۋە تارىخىي شەخسلەرنى تەشۋىق قىلىشتا، جۇئېنلەي زۇڭلى ئەينى ۋاقىتتا تارىخىي تىياتىر «ۋېن چىڭ مەلىكە» ۋە «ۋاڭ جاۋجۈن»نى يېڭىدىن

تۈزۈشتە تەشەببۇس قىلغان روھنى ئۆگىنىپ ۋە ۋە جارى قىلدۇرۇپ، تارىخىي ماتېرىيالىزم مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ، كۆپچىلىكنى ئالغا قاراشقا يېتەكلەپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

5) ھەقىقىي تۈردە تەدبىر قوللىنىپ، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۇرۇش، يانداشتۇرۇلىدىغان ئۇناسىپ قانۇن - نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىشنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى زور بىر تۈركۈم ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك كادىرلارنى ۋە ھەر خىل ئىختىساس ئىگىلىرىنى، بولۇپمۇ ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىگە خاس مىللەت قارىشىغا ئىگە ئۇتتۇرا، يۇقىرى دەرىجىلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەشتە.

6) چېگرا مۇداپىئە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى چېگرا رايوننىڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇشتىكى مۇھىم كۈچ، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلە ۋە قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش كېرەك. ئارمىيە، ساقچى، خەلق بىرلەشمە مۇداپىئەسىنى ياخشى يولغا قويۇپ، سىڭىپ كىرىشكە قارشى تۇرۇش، ئاغدۇرمىچىلىققا قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ھەقىقىي تۈردە ئوبدان ئېلىپ بېرىپ، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭ نورمال تەرتىپىگە كاپالەتلىك قىلىش، چېگرا رايون ۋە دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش كېرەك.

يولداشلار! چېگرا رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقى پارتىيىنى، سوتسىيالىزمنى قىزغىن سۆيىدۇ. بۇلتۇر مەن يۇننەن ئۆلكىسىنىڭ شىشۇاڭبەننا ئوبلاستىغا بېرىپ جىنو مىللىتى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جاينى زىيارەت قىلدىم، بۇنىڭدىن بىر قەدەر چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولدۇم. بىز جان - دىل بىلەن ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، ھەر مىللەتتىن بولغان كەڭ كادىر ۋە ئاممىنى زىچ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە ئۇلارغا تايىنىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئوبدان ئىشلەيدىغانلا بولساق، چېگرىغا جايلاشقان مىللىي رايونلارنىڭ مۇقىملىقىنى داۋاملىق ساقلاپ، تۈرلۈك ئىشلارنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەلەيمىز.

# مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلايلى

— مەملىكەتلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرى
مۇدىرلىرى يىغىنىدا قىلىنغان سۆز

لى پېڭ

(1990 - يىل 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى)

يولداشلار:

90 - يىللاردا دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشتا، ئىككىنچى قەدەمدىكى ستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ھەم مۇشكۈل ۋەزىپىگە دۇچ كەلمەكتە. بۇنىڭ ئۈچۈن، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق كۈرەش قىلىشىغا، ھەرقايسى سەپلەر، ھەرقايسى تارماقلار، جۈملىدىن مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ تىرىشىپ ئىشلىشىگە توغرا كېلىدۇ. مەن مۇشۇ بىر قانچە يىلدا بەزى مىللىي رايونلارغا باردىم، بۈگۈن يەنە دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى مەسىلىسى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىم

مەتلەرگە ئوخشاش نەتىجە ناھايىتى زور، ئومۇمىي ۋەزىيەت ياخشى، دەپ قاراشقا تولۇق ھەقلىقمىز. مەن بۈگۈن مۇشۇ يىغىندىن پايدىلىنىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەنگە ۋەكالىتەن، بۇ قېتىمقى مەملىكەتلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرى مۇدىرلىرى يىغىنىغا قاتناشقان يولداشلاردىن ۋە سىلەر ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى سېپىدە جاپالىق ئىشلەۋاتقان ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىشلىرى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان يولداشلاردىن سەممىي ھال سورايمەن ۋە ئۇلارغا مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن.

تۆۋەندە، مەن مىللەتلەر خىزمىتى توغرىسىدا بىر قانچە تۈرلۈك پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

**1. پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت مىللەتلەر خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم**

خەلق جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئۇلۇغ ئەمەلىيىتى داۋامىدا، پارتىيە ۋە دۆلەت مىللىي مەسىلە ۋە مىللەتلەر خىزمىتىگە يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا بېسىش ئىشلىرىنى تىرىشىپ يۇكسەلدۈردى. كۆپچىلىككە ئايانكى، بىز ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، توغرا مىللىي سىياسەتنى تۈزۈپ چىققانلىقىمىز ۋە يولغا قويغانلىقىمىز ئۈچۈن، 40 يىلدىن بۇيان ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا ھەرقايسى جەھەتلەردە چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولدى. بولۇپمۇ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن ئون يىلدىن بۇيان، مىللىي رايونلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مائارىپ، مەدەنىيەت قاتارلىق تۈرلۈك ئىشلىرىدا كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان مۇۋەپ-

پەقىيەتلەر ۋە زور ئىلگىرىلەش بولدى. باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى يېڭىچە سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتى قاتتىق بوران ـ چاپقۇنلارنىڭ سىنىقىدىن ئۆتتى. مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بىر ئوچۇم بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، ۋەتەننى پارچىلاش يولىدىكى سۇيىقەستلىك ھەرىكىتى ئالدىدا، مەملىكەت ئىچىدىكى بەزى رايونلاردا مالىمانچىلىق يۈز بەرگەن ۋە بېيجىڭدا توپىلاڭ يۈز بەرگەن جىددىي پەيتتە، دۇنيانىڭ بەزى جايلىرىدا جىددىي ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش بولغان، ۋەزىيەتتە ئۆزگىرىش بولغاندا، ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى باشتىن ـ ئاخىر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى ھىمايە قىلىپ، سوتسىيالىزم يولىدا قەتئىي ماڭدى. پاكىت دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي مەسىلىنى بىر قەدەر ياخشى ھەل قىلغانلىقىنى، پېشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرى مىللىي مەسىلىنى جۇڭگوچە ھەل قىلىشنىڭ توغرا يولىنى ئېچىپ بەرگەنلىكىنى، كۆپلىگەن مىللەتلەر خىزمىتى خادىملىرىنىڭ خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلىگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.

دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىدە ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، بۇنىڭدىن كېيىنكى يول تېخىمۇ ئۇزۇن، ۋەزىيەت تېخىمۇ مۇشكۈل. دۇنيا مىقياسىدىن قارىغاندا، مىللىي مەسىلە خېلى ئومۇمىيلىققا ئىگە، بەلكى بىر قەدەر مۇرەككەپ ۋە ناھايىتى نازۇك بىر مەسىلە. سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت پۈتكۈل تارىخىي مەزگىلدە، ھەرقايسى مىللەتلەردە ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئۇسۇلى، مەدەنىيەت ئادىتى، دىنىي ئېتىقاد قاتارلىق جە-

ھەتلەردە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەر ۋە پەرقلەر يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەھەتتىكى پەرق يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، شۇڭا مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. لېكىن، سوتسىيالىزم تۈزۈمى شارائىتىدا مىللىي مەسىلە ئاساسىي جەھەتتىن خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتكە ياتىدۇ. ئەگەر ئەھمىيەت بېرىلسە ۋە جايىدا بىر تەرەپ قىلىنسا، ئۇنى مۇۋاپىق ھەل قىلغىلى بولىدۇ. ئەگەر بىپەرۋالىق قىلىنسا، جايىدا بىر تەرەپ قىلىنمىسا، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مۇئەييەن مۇھىتنىڭ تەسىرى ئاستىدا زىددىيەت كەسكىنلىشىپ كېتىشى، ھەتتا مەلۇم قارشىلىشىش يۈز بېرىپ، ئىجتىمائىي داۋالغۇش كېلىپ چىقىشىمۇ مۇمكىن. ئومۇمىي ۋەزىيەتنىڭ مۇقىم بولۇشى، دۆلەتنىڭ ئۇزاققىچە تىنچ بولۇشى ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملىرىمىز، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلىرىمىز مىللىي مەسىلىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى لازىم.

ھازىر ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى بويلاپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلماقتا. 90 - يىللار دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى ئىنتايىن مۇھىم تارىخىي مەزگىل، بىز بۇ ئون يىلدا مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى بىر قاتلاش يولىدىكى ئىككىنچى نىشانىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرىمىز، بۇ، ناھايىتى ئاچقۇچلۇق بىر قەدەم ھەم ناھايىتى قىيىن بىر قەدەم. ئالغا بېسىش يولىدىكى

قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئۇلۇغۋار نىشانىمىزنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، مىللىي زىددىيەتلەرنى مۇۋاپىق، ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ھەرقايسى مىللەتلەر ئارىسىدىكى غايەت زور ئىجادچانلىقنى ئىشقا سېلىشىمىز، مەركەزلەشتۈرۈشىمىز لازىم.

مىللىي مەسىلىگە ئەھمىيەت بېرىش ئۈچۈن، مۇنداق بىر ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالىنى ئېسىمىزدە چىڭ ساقلىشىمىز لازىم. دۆلىتىمىز بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت، دۆلىتىمىزدە 56 مىللەت بار، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاھالىسى 80 مىليوندىن ئاشىدۇ، يەنى پۈتۈن مەملىكەت ئاھالىسىنىڭ سەككىز پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، مىللىي ئاپتونوم جايلارنىڭ ئاھالىسى پۈتۈن مەملىكەت ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ 14 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، ۋەھالەنكى، مىللىي ئاپتونوم جايلارنىڭ كۆلىمى پۈتۈن دۆلەت زېمىنىنىڭ 64 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بىز فاڭجېن، سىياسەت ۋە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنى تۈزگەندە، چوڭ - چوڭ سىياسەت - تەدبىرلەرنى يولغا قويغاندا، دۆلىتىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك دۆلەت ئىكەنلىكىنى ۋە ئاپتونوم جايلارنىڭ مۇئەييەن نىسبەتنى ئىگىلەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ تۈپ ئەھۋالنى ھېسابقا ئېلىشىمىز لازىم. پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ چوڭ - چوڭ سىياسەت، فاڭجېنلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش مەسىلىسىدە پۈتۈن مەملىكەت بىرلىككە كېلىشى لازىم. لېكىن، مىللەتلەر ئالاھىدىلىكىنى ۋە رايون ئالاھىدىلىكىنى مۇھاكىمە قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش، كونكرېت سىياسەت تۈزۈشتە ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز

سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئېتىبار بېرىش لازىم، بۇ، مەركەز ۋە جايلاردىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرىي تارماقلارنىڭ ھەم مەسئۇل يولداشلارنىڭ ھەر مىللەت خەلقى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت باغلىشىنى، ئۇلارنىڭ سادا سىغا قۇلاق سېلىشىنى، ئۇلارنىڭ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. مىللىي مەسىلىگە ئەھمىيەت بېرىش ئۈچۈن، ئەمەلىيەت جەريانىدا سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشقا ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەشكە پايدىلىق ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن مىللىي سىياسەتنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيانقى يېڭى ئەمەلىي تەجرىبىلەرگە ئاساسەن، ئۇنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىش، راۋاجلاندۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم.

**2. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا چىڭ تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ مۇقىملىقى ۋە بىرلىكىنى قوغداش لازىم**

ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىدا چىڭ تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش — دۆلىتىمىز مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى، شۇنداقلا مىللىي مەسىلىدە تۇت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشىمىزنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. ئېلىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر بىرلىككە كەلگەن دۆلەت تەشكىل قىلىشتا ئىنتايىن ئۇزاق تارىخقا ئىگە، ئۇلار قۇدرەتلىك مەركەزگە ئىنتىلىش كۈچى. ئۇيۇشۇش كۈچىگە ئىگە. ھەر مىللەت خەلقى تارىختىن بۇيان، ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش، ۋەتەننىڭ

بىرلىكىنى قوغداشتىن ئىبارەت تەۋرەنمەس ئېتىقاد ۋە شەرەپلىك ئەنئەنىگە ئىگە. بۇ، بىزنىڭ ئۈستۈنلۈكىمىز ۋە غايەت زور مەنىۋى بايلىقىمىز. سوتسىيالىستىك زامانى ۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى مەزگىلىدە، دۇنيادا ئۆزگىرىش كۆپ بولۇۋاتقان ئەھۋالدا، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللەتلەر باپبار اۋەر بولۇش، ئىتتىپاقلىشىش بايرىقىنى تېخىمۇ ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئىتتىپاقلىققا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، ۋەتەننى پارچىلايدىغان بارلىق سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇشىمىز لازىم. ھازىر ئىنتايىن ئاز ساندىكى بۆلگۈنچىلەر مىللەت ۋە دىن بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، سوتسىيالىزم تۈزۈمىگە قارشى تۇرۇۋاتىدۇ، جۇڭخوا مىللەت-لىرىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىغا ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى تارىخنىڭ ئېقىمىغا تامامەن خىلاپ، ئۇلار پۈتكۈل جۇڭگو خەلقىنىڭ قارشى تۇرۇشىغا قالماستىن، ئۆز مىللىتىنىڭ تۈپ مەنپەئىتى-گىمۇ زىيان يەتكۈزىدۇ. جۇڭگو نامرات، ئاجىز بولغان كونا زاماندا، جاھانگىرلىكنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن بۆلگۈن-چىلەر، سۇيىقەستچىلەر مەقسىتىگە يېتەلمىگەنىدى. ئۇلۇغ دۆلىتىمىز كۈندىن - كۈنگە قۇدرەت تېپىۋاتقان پەيتتە، مۇنداق بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى ئۈزۈل - كېسىل مەغلۇبىيەت بىلەن نەتىجىلىنىدۇ، خالاس. لېكىن، ھوشيار-لىقىمىزنى بوشاشتۇرۇپ قويساق ھەرگىز بولمايدۇ. چوقۇم بۇنىڭغا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىشىمىز ۋە ئىمكانىيەت-نىڭ بارىچە ئۇلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرى-كەتلىرىنى بىخ ھالىتىدە تۈگىتىشىمىز لازىم. بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، بىرلىكنى قوغداش يولىدىكى ئۇلۇغ

كۆرەشتە چېگرا رايوندىكى ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئامما ئەۋلادمۇ ئەۋلاد چېگرىنى قوغداشنىڭ بىرىنچى سېپىدە تۇرۇپ كەلدى، ئۇلار خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن بىرلىكتە يۇرتىنى، ۋەتەننى قوغداشتىن ئىبارەت مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان، ئۇلار ۋەتەننىڭ بىرلىكىنىڭ قەيسەر قوغدىغۇچىلىرى. پارتىيە ۋە دۆلەت ئۇلارغا ئىشە- نىدۇ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئۇلارغا مىننەتدارلىق بىلدۈرىدۇ! بىز شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، ئۇزاق تا- رىختا شەكىللەنگەن جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقى، بىرلىكىدىن ئىبارەت پولات ئىستىھكامنى ھەر قانداق دۈش- مەن يىمىرىۋېتەلمەيدۇ، بۇزۇۋېتەلمەيدۇ.

مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قەتئىي قوغداش ئۈچۈن، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە ماركسىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ مىللەت قارىشى توغرىسىدا تەربىيە بېرىش؛ پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى توغرىسىدا تەربىيە بېرىش لازىم. مۇ- شۇنداق قىلغاندىلا، ھەر خىل خاتا ئىدىيىلەرگە خاتىمە بېرىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىدىيە جەھەتتىكى يۈكسەك بىردەكلىكىنى، ھەقىقىي ئىتتىپاقلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئېلىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر نوپۇسىنىڭ ئاز ياكى كۆپ بولۇشىدىن، ئولتۇراقلاشقان يېرىنىڭ چوڭ - كىچىك بولۇشىدىن، ئىجتىمائىي تەرەق- قىيات سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشىدىن قەتئىي- نەزەر، ھەممىسى ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخىغا ۋە زامانىۋىلاش- تۇرۇش قۇرۇلۇشىغا قىممەتلىك تۆھپە قوشقان، ھەممىسى

رىدىغان ئەزالىرى، ئۇلار سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە باراۋەرلىك ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ ۋە ئوخشاش مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالىدۇ. مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق، مۇقەددەس مەسئۇلىيىتى. بولۇپمۇ ئاھالىسى كۆپ مىللەتلەر تېخىمۇ كۆپ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان. ئېلىمىزدە بىرقانچە ئون مىللەت بار، خەنزۇلارنىڭ نوپۇسى مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ، ئومۇمەن ئېيتقاندا، خەنزۇلارنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىمۇ بىر قەدەر يۇقىرى، شۇڭا مىللەتلەر باراۋەرلىكى، ئىتتىپاقلىقى جەھەتتە پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدىن ئېيتقاندا، خەنزۇ يولداشلارنىڭ مەسئۇلىيىتى تېخىمۇ ئېغىر. 50 ـ يىللاردا پۈتۈن مەملىكەتتە مىللىي سىياسەت تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكەنىدۇق. بۈگۈنكى كۈندە، يېڭى ئەھۋالغا ئاساسەن، ئۈنۈملۈك ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، مىللىي سىياسەت ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى توغرىسىدىكى تەربىيىنى كۈچەيتىشىمىز لازىم. بۇنداق تەربىيە پۈتكۈل دۆلەت ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ قېلىشى لازىم. بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك كادىرلار ۋە ياشلارغا بۇنداق تەربىيىنى كۈچەيتىش لازىم. چۈنكى بىزنىڭ كادىرلىرىمىز مىللىي مەسىلىدە توغرا نەزەرىيە ۋە سىياسەتتە چىڭ تۇرسىلا، بىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىمىز ئىشەنچلىك سىياسىي كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ؛ ھەر مىللەت ياشلىرىمىز، ئۆسمۈرلىرىمىزنى ياخشى

تەربىيلەپ، ئۇلاردا توغرا مىللىي قاراشنى تۇرغۇزساقلا، ئېلىمىزدە ياخشى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملاشتۇرغىلى بولىدۇ. نەزەرىيىچىلىرىمىز، ئەدىبلىرىمىز، سەنئەتكارلىرىمىز ۋە مەدەنىيەت، ئىدىيە ساھەسىدە ئىش- لەيدىغان يولداشلىرىمىز ماركسىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيە- سىنىڭ مىللەت قارىشىنى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسە- تىنى تەشۋىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. ئۇلار- نىڭ تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلى- قىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق ئەسەرلەرنى تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى ئىجاد قىلىپ، ھەرقايسى مىللەت- لەرنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا قوشقان تۆھپىسىنى مەدھىيىلىشىنى، ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى ۋە پەزىلەتلىرىنى تونۇشتۇرۇشىنى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا بېسىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن شەخسلەرنى ۋە ئىش - پائالىيەتلەرنى كۈيلە- شىنى ئۈمىد قىلىمىز. كۆپچىلىكنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق، ھەر مىللەت خەلقى باراۋەر بولۇپ، ئىتتىپاق- لىشىپ، بىرلىكتە ئالغا باسىدىغان ئالىي جاناب خىسلەت- نى يېتىشتۈرۈش؛ جەمئىيەتنىڭ قالاق تەرەپلىرىنى يېيىپ يۈرمەسلىك ياكى غەلىتە نەرسىلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، مىللەتلەرنىڭ دىلىنى ئازار بېرىپ قويماسلىق لازىم. بۇر- ژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنى تەرغىپ قىلىدىغان، مىللەت- لەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ئەسەرلەر- گە ئېنىق پوزىتسىيە بىلەن قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنى تەت- قىق قىلىش، بەزى ۋەقەلىكى ۋە ئاقىۋىتى ئېغىر بولغان، قانۇنغا خىلاپ بولغانلىرىنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ

قىلىش لازىم. دەرۋەقە، بۇنداق ئەھۋال ئومۇمەن ئايرىم كىشىلەردە سادىر بولىدۇ، شۇڭا ئۇنى ھەدېسلا مىللىي مەسىلە دەۋالماسلىق لازىم. مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدىكى مەسىلىلەرنى يېتەكلەش ئۇسۇلى، ئىتتىپاقلىق، تەنقىد - تەربىيە ئۇسۇلى بىلەن مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش لازىم؛ زىددىيەتنى كەسكىنلەشتۈرۈپ قويۇپ، جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقىغا تەسىر يەتكۈزۈشتىن ساقلىنىش لازىم.

**3. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئېچىۋېتىشنى چىڭ تۇتۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم**

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پۈتۈن پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا يۆتكەلدى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش پۈتۈن پارتىيە خىزمىتىنىڭ مەركىزى بولۇپ قالدى. ھازىر ئېلىمىزدە مىللىي مەسىلىمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىشنى جىددىي تەلەپ قىلىش مەسىلىسىدە كۆپرەك ئىپادىلەنمەكتە. ئېلىمىزنىڭ يېرى كەڭ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى تەكشى ئەمەس، مىللىي رايونلار بىلەن باشقا رايونلار ئوتتۇرىسىدا ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتە پەرق مەۋجۇت. تارىختىن قېپقالغان بۇنداق پەرقنى تىرىشىپ كىچىكلىتىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەريانىدا، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق بېيىشى ۋە ئورتاق

گۈللىنىشىنى پەيدىنپەي ئىشقا ئاشۇرۇش — پارتىيىمىزنىڭ
مىللىي سىياسەت جەھەتتىكى تۈپ مەيدانى. سوتسىيالىزم-
نىڭ ئەۋزەللىكىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى. شۇنى كۆرۈش
كېرەككى، ئېلىمىزدىكى مىللىي رايونلارنىڭ يېرى
كەڭ. بايلىقى مول، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى-
دا كەم بولسا بولمايدىغان، تېخى ئېچىلمىغان بايلىق
مەنبەلىرىگە ئىگە، يىراق كەلگۈسى ستراتېگىيىلىك نۇقتى-
ئىنەزەردىن قارىغاندا، جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيا-
تىنىڭ زاپاس كۈچى ۋە ئىستىقبالى ناھايىتى زور دەرىجى-
دە مىللىي رايونلارنىڭ بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىشقا ۋە
ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا باغلىق. دۆلىتىمىزنىڭ ئىگى-
لىكى بىرلىككە كەلگەن بىر پۈتۈن گەۋدە، ھەرقايسى رايون-
لار، ئىقتىسادىي تەرەققىي تاپقان رايونلار ياكى ئانچە
تەرەققىي تاپمىغان رايونلار بولسۇن، ئۇلار بىر - بىرىگە
بېقىندۇ ۋە بىر - بىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بۇن-
داق ۋەزىيەت يەنىمۇ تەرەققىي قىلىدۇ ۋە كۈچىيىدۇ،
ئۇنى يەنە تېخىمۇ مۇۋاپىقلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. تۈپ
ئاساستىن ئېيتقاندا، مىللىي رايونلار ۋە ئاز سانلىق
مىللەتلەرنىڭ تەرەققىي تېپىشى ۋە گۈللىنىشى دۆلىتىمىز
تەرەققىي قىلغان ۋە گۈللەنگەن ئەھۋالدىلا ئەمەلگە
ئاشىدۇ؛ شۇنىڭغا ئوخشاشلا مىللىي رايونلار تەرەققىي تاپ-
مىسىمۇ دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇن بولىدۇ.
دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇ-
شىنى ئۈچ قەدەمگە بۆلۈپ ئېلىپ بېرىش ستراتېگىيىلىك
تەسەۋۋۇرىغا ئاساسەن، بىرىنچى قەدەمدە قورساق توق،
كىيىم پۈتۈن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، بىر

قاتلاشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ.
ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى پۈتۈن مەملىكەتكە ئوخـ
شاشلا بىر قاتلاش ۋەزىپىسىنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئورۇنـ
دىدى، قورساق توق، كىيىم پۈتۈن بولۇش مەسىلىسىنى
ھەل قىلىشتا غايەت زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. لېكىن بۇ
مەسىلە تېخى تولۇق ھەل بولۇپ كەتمىدى. ئىشىنىمىزـ
كى، سىياسەت توغرا، تەدبىر مۇۋاپىق بولسىلا، ھەر مىلـ
لەت خەلقى ئورتاق تىرىشسا، مىللىي رايونلار مۇشۇ ئەـ
سىرنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا ئىككى قاتلاش نىشانىنى ئەـ
مەلگە ئاشۇرالايدۇ. 21 - ئەسىرگە كىرگەندىن كېيىن،
دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ تەكشىلىشىگە ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش
قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، كۆپ سانـ
دىكى مىللىي ئاپتونوم رايونلار پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئاـ
شۇ چاغدىكى ئوتتۇرا ھال تەرەققىيات سەۋىيىسىگە پەيـ
دىنپەي يېقىنلىشىدۇ، ياكى يېتىشىۋالىدۇ، بەزىلىرى پۈـ
تۈن مەملىكەتنىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە يېتىشىۋېلىشى
مۇمكىن. بىز سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى
جەريانىدا پەرقنى پەيدىنپەي كىچىكلىتىپ، ئومۇميۈزلۈك
ماسلاشقان ھالدا تەرەققىي قىلىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئۆتكەنكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىگىنىمىزدە، مىللىي
رايونلارنىڭ قۇرۇلۇشى، ئاساسلىقى، شۇ جايدىكى ھەر
مىللەت خەلقىنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش قىلىپ،
جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ ئىگىلىك يارىتىشىغا، يەنە
ئىلغار رايونلار بىلەن ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ، بىر - بىرىـ
نى قوللاپ، بىرلىكتە راۋاجلىنىشىغا تايىنىپ ئېلىپ بېرىـ
لىدۇ. دۆلەتمۇ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تەرەققىيات ستراتېگىـ

ـسكە ۋە شۇ جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن ما-
لىيە كۈچى، ماددىي كۈچ، ئادەم كۈچى قاتارلىق جەھەت-
لەردىن مەدەت ۋە ياردەم بېرىدۇ. گوۋۇيۈەن ۋە ئالاقىدار
تارماقلار، بولۇپمۇ دۆلەت پىلان كومىتېتى بۇ قېتىمقى
يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەكلىپلەرنى
ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىدۇ. بۇ تەكلىپلەرنىڭ بەزىلى-
رى 8 - بەش يىللىق پىلانغا كىرگۈزۈلىدۇ، بەزىلىرىنى
ۋاقىتنچە ئورۇندىغىلى بولماسلىقى مۇمكىن، مۇھاكىمە قى-
لىپ، پەيدىنپەي ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. قىس-
قىسى، بۇ مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلغاندا، ھەم كۆپ-
چىلىكنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىش، ھەم مادارىغا قا-
راپ ئىش قىلىش، ئالدىراقسانلىق قىلماسلىق لازىم. بۇ،
5 - ئومۇمىي يىغىندا يەكۈنلەنگەن ئاساسىي تەجرىبە.
ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادى بىر قەدەر
ئارقىدا قالغان. ئۇلار تېزرەك تەرەققىي قىلىشنى ئۈمىد
قىلىدۇ، لېكىن، ئالدىراقسانلىق قىلىشقا بولمايدۇ. دۆلەت-
نىڭ كەسىپ سىياسىتى ۋە تەرەققىيات ستراتېگىيىسىگە
ئاساسەن، 8 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ۋە بۇ-
نىڭدىن كېيىنكى مەزگىلدە. ئاز سانلىق مىللەت رايون-
لىرىنىڭ ئېنېرگىيە، خام ئەشيا ۋە قاتناش - ترانسپورت،
دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق جەھەتلەردە بەزى
تەرەققىيات تۈرلىرىنى كۆپرەك ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇنى ھەم
شۇ جايىنىڭ قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە قىلىشنى، ھەم ئومۇمىي ۋە-
زىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق قىلىشنى تەلەپ قىلى-
مىز. بۇ رايونلاردىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىكنىڭ
يېزا ئىگىلىكى ۋە چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئالاھىدە

ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆز رايونىنىڭ يېمەك - ئىچمەك مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنىڭ راۋاجلىنىشى، مۇشۇ رايونلارنى مۇقىملاشتۇرۇشنىڭ توپ شەرتى، شۇنداقلا بۇ رايونلار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭمۇ ئاساسى.

دۆلەت مىللىي رايونلاردا بايلىق مەنبەلىرىنى ئاچقاندا، دۆلەت كارخانىلىرى بىلەن شۇ جاينىڭ مۇناسىۋىتىنى، دۆلەتنىڭ ئىچكى قۇرۇلۇشى بىلەن ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، مىللىي رايونلار ئۈچۈن كۆپرەك ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشى، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەردىن پەن - تېخنىكا خادىملىرى ۋە ئىشچى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. 5 - ئومۇمىي يىغىننىڭ ئىقتىسادىي مۇھىتنى يەنىمۇ تۈزەش، ئىقتىسادىي تەرتىپنى يەنىمۇ ياخشىلاش، ئىسلاھاتنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى قارارىدا كونا ئىنقىلابىي تايانچ بازا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى، چەت - ياقا رايونلار ۋە نامرات رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا داۋاملىق مەدەت بېرىلىدۇ، دېگەن ماددا ئالاھىدە كىرگۈزۈلگەن. ئالاقىدار تارماقلار بۇ روھقا ئاساسەن، تەخمىنەن 10 مىليون ئاز سانلىق مىللەت نامرات ئاھالىسىنىڭ قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش مەسىلىسىنى ھەقىقىي ھەل قىلىشى لازىم. يېقىنقى بىر - ئىككى يىلدا نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش خىزمىتى غايەت زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. نۇرغۇن جايلار نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشقا باشلىدى. ھازىر نامرات جايلارنىڭ كۆپىنچىسى

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا مەركەزلەشكەن. شۇڭا، بۇنىڭدىن كېيىن نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش خىزمە-تىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا يۆتكەش لازىم. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى تۈزەش، باخشىلاش داۋامىدا كەسىپ قۇرۇلمىسىنى پائال تەڭشەپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈشى، ئاساسىي مۇئەس-سەسەلەر قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ ئىگىلىكنى تېزدىن داۋاملىق مۇقىم، ماسلاشقان ھالدا راۋاجلىنىش ئىزىغا سېلىشى لازىم.

بىزنىڭ مىللىي سىياسىتىمىز كىشىلەر كۆڭلىگە تازا ياقىدۇ، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى كۈچلۈك، ئىگىلىكىمىز راۋاجلىنىۋاتىدۇ، مەسىلەن: شىزاڭ، شىنجاڭ؛ ئىچكى موڭ-غۇل، گۇاڭشى، نىڭشيا ئاپتونوم رايونلىرىنى ۋە كۆپ مىللەتلىك يۈننەن، چىڭخەي، گۈيجۇ قاتارلىق ئۆلكىلەرنى ئالساق، بۇ ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتى دېڭىز بويىدىكى رايونلارنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىدىن پەرقلەنسىمۇ، لېكىن ناھايىتى زور تە-رەققىياتقا ئېرىشتى، خەلقنىڭ تۇرمۇشى ئومۇميۈزلۈك ياخ-شىلاندى، ھەر مىللەت خەلقى بۇنىڭدىن مەمنۇن. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا مىللىي رايونلارنىڭ ئىشىكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ۋەزىيىتىمۇ ناھايىتى ياخشى بولدى. خۇددى سىلەر ئوتتۇرىغا قويغاندەك «ئىككى ئېچىۋېتىش» يولغا قويۇلدى: بىرى ئىشىك ئىچكى قىسىمغا يەنى ئىقتىسادىي تەرەققىي تاپقان رايونلارغا ئېچىۋېتىلدى؛ يەنە بىرى ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلدى، جۇملىدىن چېگرا سودىسى يولغا قويۇلدى، بۇنداق خۇشاللىنارلىق يۈزلىنىشنى ئەل-ۋەتتە قۇۋۋەتلەيمىز. پايدىلىق شارائىتتىن پايدىلىنىپ،

ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، چېگرا سودىسىنى داۋاملىق
راۋاجلاندۇرۇش، ئىككى تەرەپكە ئېچىۋېتىشنى يولغا قو-
يۇش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، باشقۇرۇشنى
كۈچەيتىپ، چېگرا رايونلىرىمىزنى ھەم گۈللەندۈرۈشىمىز،
ھەم مۇقىملاشتۇرۇشىمىز لازىم. شۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت
قىلىش كېرەككى، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش جەريانىدا، خەلق-
ئارا ئالاقىدە بەزى ئەكسىيەتچى بۆلگۈنچى كۈچلەر بىز
تەرەپكە سىڭىپ كىردى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى مىللەت باي-
رىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ياكى دىن تونىغا ئورۇنۇۋېلىپ سى-
ڭىپ كىردى. شۇڭا بىپەرۋالىق قىلساق بولمايدۇ. چېگرا
رايونلاردا ھەر خىل تىنچسىزلىق ئامىللىرى مەۋجۇت،
ھوشيارلىقىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك.

مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ئىگىلىكنى تەرەق-
قىي قىلدۇرۇشتىن باشقا مائارىپ، پەن - تېخنىكا، مە-
دەنىيەت قاتارلىق ئىشلارنى راۋاجلاندۇرۇشنى، كىشىلەر-
نىڭ پەن - مەدەنىيەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنىمۇ ئۆز
ئىچىگە ئالىدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپ ئىش-
لىرىنى داۋاملىق زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، سانى
تېخىمۇ كۆپ، سۈپىتى تېخىمۇ ياخشى، تۈرلىرى تېخىمۇ
تولۇق، تۈرلۈك ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا
ئۇيغۇنلىشالايدىغان ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشىمىز
كېرەك، ئېلىمىز مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي
قىسمى بولغان ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر مە-
دەنىيىتىگە يېڭى تارىخىي شارائىتتا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە
ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلقنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى
بېيىتىشىمىز لازىم. قىسقىسى، سوتسىيالىستىك ماددىي

مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى بىر-بىرىگە تۈرتكە قىلىشىمىز، ئۇنى تەڭ راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم.

بۇ يەردە مەن پىلانلىق تۇغۇت مەسىلىسى ئۈستىدىمۇ توختىلىپ ئۆتىمەن. پىلانلىق تۇغۇت — دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ سىياسىتى. ئەھۋال پەرقلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، دۆلىتىمىز كۆپ يىلدىن بۇيان ئاز سانلىق مىللەتلەرگە پىلانلىق تۇغۇت جەھەتتە كەڭ بولۇش سىياسىتىنى قوللىنىپ كەلدى، بۇنداق قىلىش ئىنتايىن زۆرۈر ئىدى. لېكىن، ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش نوقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ بېجىرىم تۇغۇش، ياخشى بېقىش، ياخشى تەربىيەلەشنى يولغا قويۇپ، ئاھالىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك. شۇڭا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە باب كېلىدىغان، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە، دىنىي ئېتىقادىغا ھۆرمەت قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ھەقىقىي ئاقىدىغان پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى تۈزۈپ چىقىش كېرەك.

**4. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم**

پارتىيىمىز ئۇزاق مۇددەتلىك ئىزدىنىش ۋە ئەمەلىيەت ئارقىلىق مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى تۈپ سىيا-

سىتى قىلىپ بەلگىلىدى، بۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭمۇ ئورتاق تاللىشى، 40 نەچچە يىللىق ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، بۇ تۈزۈم دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا تامامەن ئۇيغۇن، ئۇ، بۇشقۇن ھاياتىي كۈچكە ئىگە. بىز بۇنىڭدا قىلچە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك. بۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىش، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئىلىمىزدە مىللىي ئاپتونوم جاي تەسىس قىلىش ۋەزىپىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندىلىپ بولدى، ھازىر مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا، مۇھىمى، ئەھۋالنىڭ تەرەققىياتىغا، ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. بۇنىڭدىن كېيىن مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاي تەسىس قىلىشنى تەستىقلاشنى قاتتىق ئىگىلەش كېرەك، چۈنكى بىز بۇ خىزمەتنى ئاساسەن ئورۇنداپ بولدۇق. بارلىق ئورگانلار، ئامىۋى تەشكىلاتلار كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار، پۇقرالارنىڭ ھەممىسى دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ قانۇنلىرىنىڭ بىرى بولغان «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» غا رىئايە قىلىشى شەرت. گوۋۇيۈەننىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى ۋە مىللىي ئاپتونوم جايلار ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئەستايىدىل رىئايە قىلىشى لازىم. بىر تەرەپتىن، مىللىي ئاپتونوم جايلار قانۇن بويىچە ئىش قىلىپ، دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنىنىڭ، پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ قانۇن - نىزاملىرىنىڭ ئۆز جايلىرىدا رىئايە قىلىنىشىغا

ۋە ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم؛ يەنە بىر تەرەپتىن، دۆلەت ئورگانلىرىمۇ قانۇن بويىچە ئاپتونوم جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىشى، خىزمەتـلەردە ئاپتونوم جايلارنىڭ ئالاھىدە ئەھۋالى ۋە ئېھتىياـجىنى تولۇق نەزەرگە ئېلىشى لازىم. «مىللىي تېررىتورىـيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ مەزمۇنى ناھايىتى مول، ئاپتونومىيە قانۇنىنى ياخشى ئىزچىل ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، ئالاقىدار ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىـگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئىجرا قىلىشقا دائىر بەلگىلىمە تۈزۈپ چىقىشى لازىم. شۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇ ئاساستا گوۋۇيۈەن ئېلان قىلىدىغان ئاپتونومىيە قاـنۇنىنى يولغا قويۇشقا دائىر كونكرېت چارىلەر تۈزۈپ چىقىلىدۇ.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى مۇسـتەھكەملەپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مىللىي مەسىلىنى ئاـخىرقى ھېسابتا ھەل قىلىش ئۈچۈن، پارتىيىنىڭ ئىزچىل فاڭجېنىغا ئاساسەن، ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك، ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلايدىغان ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش كېرەك. مۇنەۋـۋەر ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى پىلانلىق، باسقۇچـلۇق ھالدا تاللاپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورگانلىرىغا، جۈملىدىن گوۋۇيۈەننىڭ بەزى تارماقلىرىغا خىزمەتكە قويۇپ، ئۇلارنى دۆلەت ئىشلىرى ۋە ئاپتونوم جايلارنىڭ ئىشلىرى توغرىسىدا تەدبىر تۈـزۈش ۋە ئۇنى باشقۇرۇش ئىشلىرىغا قاتناشتۇرۇش كېرەك. مىللىي ئاپتونوم جايلاردا ئىشلەۋاتقان كادىرلار يەرلىك

ياكى باشقا جايدىن كەلگەن بولسۇن، ئاز سانلىق مىللەت كادىر ياكى خەنزۇ كادىر بولسۇن ھەممىسى خەلقنىڭ چاكىرى، ئۇلار مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا بېسىش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت ئورتاق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان، ھەر مىللەت كادىرلىرى بىر - بىرىنى ھۆرمەتلەپ، بىر - بىرگە ئىشىنىپ، ئۆزئارا ئۆگىنىپ، ئىتتىپاقلىشىپ، ھەمكارلىشىپ، ئاپتونوم جايلارنى بىرلىكتە گۈللەندۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشقا تۆھپە قوشۇشى لازىم.

يولداشلار، جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت چوڭقۇر تارىخىي ۋە مەدەنىيەت مەنبەسىگە ئىگە، ئۇ ھەرقانداق بوران - چاپقۇننىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ھەر مىللەت خەلقى ئۇزاق مۇددەت قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلىش ئارقىلىق مىللەتلەر باپباراۋەر، ئىتتىپاقلاشقان خەلق جۇمھۇرىيىتىنى بىرلىكتە ياراتـتى، دەسلەپكى قەدەمدە گۈللەنگەن، روناق تاپقان بىر سوتسىيالىستىك دۆلەتنى قۇرۇپ چىقتى. بىز ئەگرى - توقايلىقلارنى باشتىن كەچۈرگەن، ئالغا بېسىش يولىمىزدا يەنە ھەر خىل قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىدىغان بولساقمۇ، لېكىن پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ توغرا يولىنى بويلاپ داۋاملىق ئالغا باسىدىغانلا بولساق، سوتـسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبـسىنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز، مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەنـدۈرۈش نىشانىنى چوقۇم يېتەلەيمىز!

# ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرايلى

ۋاڭ ئېنماۋ

(1) 1988 - يىل 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 17 - سانلىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدا قىلىنغان سۆز (قىسقارتىلمىسى)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مەخسۇس دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىنى چاقىرىپ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش مەسىلىسىنى مەركەزلىك مۇھاكىمە قىلدى، بۇ ئىنتايىن زۆرۈر. بۇ قېتىمقى دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدا يولداش بادەي مەركەزنىڭ ئىزچىل داۋام قىلىپ كەلگەن روھىغا ۋە مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ بىرقاتار يوليورۇقلىرىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ۋەزىيىتىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تەھلىل قىلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ يوشۇرۇن خەۋپى ۋە بۇنىڭدىن كېيىن بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش توغرىسىدا ناھايىتى ياخشى پىكىرلەرنى بەردى. باشقا يولداشلارنىڭمۇ بەرگەن پىكىرلىرى ناھايىتى ياخشى بولدى، ھەممەيلەن بىردەك ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى كۈچەيتىش كېرەك-

لىكىنى بىلدۈردى. ھەقىقەتەن ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش شىنجاڭدىكى بىرىنچى دەرىجىلىك مۇھىم مەسىلە. بۇ مەسىلە ياخشى ھەل قىلىنسىلا باشقا مەسىلىلەرمۇ ياخشى ھەل قىلىنىدۇ؛ بۇ مەسىلە ياخشى ھەل قىلىنمىسا باشقا مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىن ياكى ھەممە ئىشتىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر بىزنىڭ شىنجاڭ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بۆلگۈنچىلەر تەرىپىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ كېتىلسە، يەنە باشقا مەسىلىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولامتىمۇ؟ بۇ ھالدا تىنچ - ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەتتىن، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىشتىن، ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىشتىن، مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي - مەدەنىيەت قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتىن، مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەندۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس.

مەن تۆت نۇقتا ئۈستىدە توختىلىمەن.

1. بىرلىك، ئىتتىپاقلىق بىلەن بۆلگۈنچىلىك ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ئۇزاق مۇددەتلىك بولىدۇ، بەزى ۋاقىتلاردا ھەتتا ناھايىتى كەسكىنلىشىپ كېتىدۇ.

شىنجاڭ ئەزەلدىن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولۇپ، ناھايىتى مۇھىم، ناھايىتى مۇھىم ستراتېگىيىلىك ئورۇنغا ئىگە. شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، 1 مىليون 660 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق زېمىنغا ئىگە، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ $\frac{1}{6}$ قىسمىنى ئىگىلەي-

دۇ؛ 5300 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى چېگرا دۇداپىشە لىنىيىسىگە ئىگە بولۇپ بەش دۆلەت بىلەن قوشنا، ياۋروپا بىلەن ئاسىيانى تۇتاشتۇرىدىغان مۇھىم بەلباغ، شۇنداقلا «يىپەك يولى» دىكى مۇھىم ئۆتەك، بايلىقى ئىنتايىن مول. شىنجاڭنىڭ غەربىي چېگرىسىنى ياخشى قوغداش ۋەتىنىمىزنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداشتا ناھايىتى مۇھىم، ھەربىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، مۇھىم ستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. شىنجاڭ كۆپ مىللەتلىك رايون، مىللىي مەسىلە ياخشى ھەل قىلىنىسىلا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلاشسا، شىنجاڭنىڭ تىنچ - ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيىتى مۇستەھكەملەنسە ۋە راۋاجلانسا، بۇ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تىنچ - ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا ناھايىتى مۇھىم، سىياسىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، مۇھىم ستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، بايلىقى مول بولۇپ شىنجاڭنى ئېچىش، شىنجاڭنى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مۇھىم ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش بازىسىغا ئايلاندۇرۇش، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە بېيىتىشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى دۆلەتنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىشتە زور ئەھمىيەتكە ئىگە؛ ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مۇھىم ستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. قىسقىسى، مەيلى ھەربىي جەھەتتىن، سىياسىي جەھەتتىن، ئىقتىسادىي جەھەتتىن بولمىسۇن، شىنجاڭنىڭ ستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم. مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، چەت ئەلدىكى تاجاۋۇزچى كۈچلەر ھامان شىنجاڭنى جۇڭگودىن ئايرىپ چىقماقچى

بولدى. تارىختا روسىيە، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، ئامېرىكا ھەمدە باشقا دۆلەتلەر شىنجاڭنى جۇڭگونىڭ تېررىتورىيەسىدىن ئايرىپ چىقىپ ئۆزلىرىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ياكى ئۆزلىرىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزمەكچى بولدى. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭغا كىرىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئازادلىققا ئېرىشكەندىن كېيىن، ۋەتەنىنىڭ بىرلىكى مىسلىسىز مۇستەھكەملەندى. لېكىن، بىرلىك، ئىتتىپاقلىق بىلەن بۆلگۈنچىلىك ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش داۋاملىشىپ كەلدى، بەلكى بەزى ۋاقىتلاردا ناھايىتى ئېغىر بولدى. شىنجاڭ ئازاد قىلىنغان دەسلەپكى مەزگىللەردىلا بەزى كىشىلەر شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش، تاشقى موڭغۇلىيىچە مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغانىدى؛ بۇ ئاقمىۋىدى، ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت قۇرماقچى بولدى؛ ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت قۇرۇشقا بولمىۋىدى، ئاپتونوم جۇمھۇرىيەت قۇرماقچى بولدى؛ ئاپتونوم جۇمھۇرىيەت قۇرۇشقا بولمىۋىدى، يەنە ئۇيغۇرىستان قۇرماقچى بولدى ۋە باشقىلار. ئۇزاق مۇددەتلىك كۆرەشلەر ئارقىلىق، پارتىيىمىز ماركسىزم، لېنىنىزمنىڭ مىللەت مەسىلىسى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنى مەملىكىتىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىر تۇتاش ئائىلىسىدە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويدى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكى يەنىمۇ مۇستەھكەملەندى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى يەنىمۇ كۈچەيدى. لېكىن، بىرلىك، ئىتتىپاقلىق بىلەن بۆلگۈنچىلىك ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش يەنىلا توختىمىدى، بەزى ۋاقىتلاردا تېخى ناھايىتى كەسكىنلە-

شىپ كەتتى. ھازىر ئىلىمىز بۆلگۈنچىلىكنىڭ خەۋپى تۈ-
گەپ كەتتىمۇ؟ ئۇنداق ئەمەس. مەۋجۇت بولۇپلا قالماس-
تىن يەنە ناھايىتى ئېغىر بولۇۋاتىدۇ. بىز بۇ مەسىلىنى
ئېنىق كۆرۈشىمىز كېرەك.

شىنجاڭدىكى خەۋپ نەدىن كېلىدۇ؟ مەملىكەت ئىچى
ۋە سىرتىدىكى بۆلگۈنچىلەردىن، ئاساسلىقى چەت ئەلدىكى
دۈشمەنلەر ئېلىپ بېرىۋاتقان مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرى-
كەتلىرىدىن كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆتۈرۈۋالغان بايرىقى شىن-
جاڭنى مۇستەقىل قىلىش، شىنجاڭنى شەرقىي تۈركىستان
قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت. يولداش باۋدى، يول-
داش تۆمۈر داۋامەتلەر بۇ مەسىلە ئۈستىدە ناھايىتى توغرا
سۆزلەپ ئۆتتى. مەملىكىتىمىزنىڭ تارىخى شىنجاڭنىڭ
ئەزەلدىن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئايرىلماس بىر
قىسمى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى؛ مەملىكەت ئىچى ۋە
سىرتىدىكى بۆلگۈنچىلەر تارىخقا خىلاپلىق قىلىپ ۋە تا-
رىخنى بۇرمىلاپ شىنجاڭنى شەرقىي تۈركىستان دەپ جار
سېلىشتى. ئىلگىرى بەزىلەر شەرقىي تۈركىستان بايرىقىنى
كۆتۈرۈپ چىقىپ شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىمىز دەپ جار
سېلىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە زىيان يەتكۈزگەنىدى؛ ھازىر
يەنىلا بەزىلەر شەرقىي تۈركىستان بايرىقىنى كۆتۈرۈپ
چىقىپ شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىمىز دەپ جار سېلىپ
ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە زىيان يەتكۈزۈۋاتىدۇ. يولداش با-
ۋدى ھازىر چەت ئەلدە بىرگە قارىتا بۆلگۈنچىلىك ھە-
رىكىتى ئېلىپ بېرىۋاتقان ئەكسىيەتچىل تەشكىلاتتىن يەتـ-
تىسى بارلىقىنى سۆزلەپ ئۆتتى: يەنى، «شەرقىي تۈركىس-
تان ۋەتەن قۇتقۇزۇش كومىتېتى»، «شەرقىي تۈركىستان

مىللىي ئىنقىلاب فرونتى»، «شەرقىي تۈركىستان ساخاۋەت فوندى جەمئىيىتى»، «قازاق تۈركلىرى ساخاۋەت فوندى جەمئىيىتى»، «يېڭى شەرقىي تۈركىستان مۇھاجىرلىرى جەمئىيىتى»، «دۇنيا ئىسلام بىرلەشمىسى»، «شەرقىي تۈركىستان، موڭغۇلىيە، مانجۇرىيە ۋە تىبەت خەلق بىرلەشمىسى كومىتېتى» قاتارلىقلار. ئۇلارنىڭ ھەممىسى شەرقىي تۈركىستان بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاشتەك جىنايى ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. ئۇلار مەيلى ئەكسىيەتچىل جامائەت پىكرىنى تەشۋىق قىلسۇن، شەرقىي تۈركىستان تارىخىنى تەرغىپ قىلسۇن، دىنىي مەكتەپ ئاچسۇن، شەرقىي تۈركىستان كادىرلىرىنى يېتىشتۈرسۇن، شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسىنى قۇرسۇن ۋە راۋاجلاندۇرسۇن، شىنجاڭغا ئىشپىيون ئەۋەتسۇن، شىنجاڭدىن مەككىگە ھەجگە بارغانلارنى سېتىۋالسۇن بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مەقسىتى بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى ئېلىپ بېرىپ، شەرقىي تۈركىستان قۇرۇپ شىنجاڭنى ۋەتىنىمىزدىن ئايرىپ چىقىشقا ئۇرۇنۇشتىن ئىبارەت. چەت ئەلدىكى دۈشمەن كۈچلەر بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى ئېلىپ بارسا شىنجاڭنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئەكس ئېتىدۇ، ئۇلارغا بەزىلەر ماسلىشىدۇ. بەزىلەر «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» ئۈستىدە ھەدەپ كاپشىپ، شىنجاڭ مۇستەقىل دۆلەت ئىدى دېيىشتى. ئايرىم جايلار، ئايرىم مەكتەپلەرنىڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغا بەزىلەر شىنجاڭنىڭ مۇستەقىللىقىنى تەرغىپ قىلىش، شەرقىي تۈركىستان قۇرۇش، خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش، خەنزۇلارنى قوغلاش، ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىش، مىل-

لەتلەر ئىنتىپاقلىقىنى بۇزغۇنچىلىق قىلىش توغرىسىدىكى ئەكسىيەتچىل شوئار ۋە تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىنى يازدى ۋە چاپلىدى. يەنە بەزىلەر «شەرقىي تۈركىستان پارتىيە-سى»نى ئۇيۇشتۇرۇپ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش ھە-رىكىتىنى ئېلىپ باردى. بۇلارنىڭ ھەممىسى چەت ئەلدىكى دۈشمەنلەرنىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولۇپ خەلقئارالىق ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە. بۇلار يەككە - يېگانە ئەمەس، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بۇ دۆلەت-تىن، بەزىلىرى ئۇ دۆلەتتىن، بەزىلىرى بىرنەچچە دۆ-لەتتىكى شەرقىي تۈركىستان بايرىقىنى كۆتۈرۈۋالغان، مەم-لىكىتىمىزگە بۆلگۈنچىلىك سالىدىغان دۈشمەن كۈچلەر. مەسىلىنىڭ ئېغىرلىقى دەل مۇشۇ يەردە. شۇنىڭ ئۈچۈن، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇ-رۇش بىر ئۇزاق مۇددەتلىك، مۇرەككەپ، مۇشكۈل كۆرەش، بىز بۇنىڭغا ھەرگىز سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك. ھوش-يارلىقىمىزنى يوقىتىپ قويساق ئىنتايىن خەتەرلىك بولۇپ، تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن بولغان ئېغىر ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ.

2. بىزدە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدايدىغان ۋە مۇستەھكەملەيدىغان كۈچ بارمۇ - يوق؟

مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى دۈشمەنلەر بۆل-گۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى ئېلىپ بېرىپ شىنجاڭنى ۋەتىنى-مىزدىن ئايرىپ چىقماقچى بولىدۇ، بۇ بىر ئىش، ئۇلار-نىڭ سۇيىقەستىنىڭ ئەمەلگە ئېشىش - ئاشماسلىقى يەنە بىر ئىش. چۈنكى بىز ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ۋە مۇستەھكەملەش كۈچىگە ئىگە، مەملىكەت ئىچى ۋە سىر-

تىدىكى دۈشمەنلەرنىڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى پارچىلاشقا ئۇرۇنۇشتەك سۈيىقەستى ئەمەلگە ئاشمايدۇ. بىزنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى قوغداش ۋە مۇستەھكەملەشتىكى كۈچىمىز قەيەردە ئىپادىلىنىدۇ؟ بۇ ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

1 - مادىدا، شىنجاڭ ئەزەلدىن جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى. تارىخي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، چىن، خەن سۇلالىلىرى جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ھازىرغىچە ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتتى، شىنجاڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ بىر قىسمى بولۇپ كەلدى.

2 - مادىدا، ئىككى مىڭ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن ۋەتىنىمىزنى ئورتاق گۈللەندۈردى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىنى ئورتاق ياراتتى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن ئۇزاق مۇددەتلىك ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت تۇرمۇشى جەريانىدا زىچ ئالاقە باغلاپ كەلدى.

3 - مادىدا، ئەپيۇن ئۇرۇشى بولغان 100 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، بولۇپمۇ «4 - ماي» ھەرىكىتىدىن بۇيان، جۇڭگودا كوممۇنىستىك پارتىيە بارلىققا كېلىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرەشلەر ئارقىلىق، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى ئورتاق بەرپا قىلدى.

4 - مادىدا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان

دىن كېيىن، سوتسىيالىستىك تۈزۈم يولغا قويۇلۇپ، مىل-
لەتلەر ئارىسىدا مىللەتلەر باپباراۋەر بولۇش، ئىت-
تىپاق بولۇش، ئۆزئارا ياردەملىشىشتەك سوتسىيالىستىك
مىللىي مۇناسىۋەت ئورنىتىلدى، ئازسانلىق مىللەتلەر را-
يونىدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلۇپ،
مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىساد - مەدەنىيەت، قۇرۇلۇش
ئىشلىرى تەرەققىي قىلدۇرۇلدى، مىللىي رايونلارنىڭ قا-
لاق قىياپىتى تۈپتىن ئۆزگەرتىلدى، ھەر مىللەت خەلقى-
نىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشى ناھايىتى زور دەرىجى-
دە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ۋەتىنىمىز ئەزەلدىن ھازىرقىدەك
تەرەققىي قىلىپ باققان ئەمەس، بىزنىڭ شىنجاڭمۇ ئە-
زەلدىن ھازىرقىدەك تەرەققىي قىلىپ باققان ئەمەس.

5 - ماددا، جۇڭگو ئاجىزلىشىپ كەتكەن تارىخىي
دەۋرلەردىمۇ ۋەتەننى پارچىلايدىغان ھەر قانداق قىلمىش-
لار ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەتئىي قارشى تۇرۇشىغا ۋە
رەت قىلىشىغا ئۇچرىدى، بۈگۈنكى كۈندە جۇڭگو گىگانت-
لارچە دۇنيادا قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇۋاتقان ۋاقىتتا ئاز سان-
دىكى بۆلگۈنچىلەر ۋە چەت ئەلدىكى ئۇلارنى قوللايدىغان
جۇڭگوغا قارشى كۈچلەرنىڭ جۇڭگونى پارچىلاش سۇيىە-
قەستى تېخىمۇ مۇتلەق ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

6 - ماددا، شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن بۇيان، پار-
تىيىنىڭ شىنجاڭدىكى مىللىي خىزمىتى يىلتىز تارتىپ،
ناھايىتى ئوبدان ئاساس سېلىندى، خەلق ھاكىمىيىتى
قۇدرەتلىك كۈچكە ئىگە بولدى، ھەر مىللەت خەلقى زىچ
ئىتتىپاقلاشتى، بۇ خىل ئىتتىپاق بوران - چاپقۇنلارنىڭ
سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. بىز مۇشۇنداق ئالتە ماد-

دىغا ئىگە، ئىشىنىمەنكى، بىز ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىنى قوغ-
دىيالايدىغان ۋە مۇستەھكەملىيەلەيدىغان كۈچكە ۋە ئىن-
شەنچكە ئىگە، بىز مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى دۈش-
مەنلەرنىڭ ۋەتىنىمىزنى پارچىلاشتەك جىنايى قىلمىشىنى
تارمار قىلالايدىغان كۈچ ۋە ئىشەنچكە ئىگە، مەملىكەت
ئىچى ۋە سىرتىدىكى دۈشمەنلەرنىڭ شىنجاڭنى ئۇلۇغ
ۋەتىنىمىزدىن پارچىلاپ چىقىشقا ئۇرۇنۇشتەك سۇيىقەستى
مەڭگۈ ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

لېكىن دۈشمەن ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا دۈشمەن، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ۋەتەننى پارچىلاشتەك سۇيىقەستىنىڭ ئەمەلگە ئاشماسلىقى تۈپەيلىدىن بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى ئېلىپ بارمايدۇ دەپ قارىساق ئۇنداقتا بەكمۇ ساددىلىق قىلغان بولىمىز. بىز شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، دۈشمەن ئۈزۈل - كېسىل يوقىتىلمايدىكەن، ئۇلار ھامان بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى ئېلىپ بارىدۇ. بۇنى دۈشمەننىڭ ماھىيىتى بەلگىلىگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ھەرگىزمۇ ھوشيارلىقىمىزنى يوقىتىپ قويماسلىقىمىز، ھەرگىزمۇ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى بوشاشتۇرۇپ قويماسلىقىمىز كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى دۈشمەنلەرنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشى ئۈچۈن پۇرسەت تۇغۇلۇپ، بىزگە ئورۇنسىز ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ مەسىلىگە قارىتا مېڭىمىزنى سەگەك تۇتۇشىمىز، يۈكسەك ھوشيارلىقنى ساقلىشىمىز، ئازراقمۇ بىخۇدلۇق، بىپەرۋالىق قىلماسلىقىمىز كېرەك.

4. ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قانداق قىلىپ يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك؟

(1) پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى لوشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇش. پارتىيىنىڭ 13 - قۇرۇلتىيىدا مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى لوشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بىز ئۇنى قەتئىي ئىزچىل ئىجرا قىلىشىمىز، بولۇپمۇ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتا چىڭ تۇرۇشىمىز، مىللەتلەرنىڭ باپباراۋەر بولغان، ئىتتىپاق بولغان، ئۆزئارا ياردەملىشىدىغان سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتتە چىڭ تۇرۇشىمىز، مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەندۇرۇش باش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇشىمىز؛ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پارتىيىنى، ۋەتەننى، سوتسىيالىزمنى قىزغىن سۆيىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىشىمىز؛ ئۆزئارا ئىشىنىشتە، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىشتا، ئۆزئارا ئۆگىنىشتە، ئۆزئارا ياردەم قىلىشتا، ئۆزئارا چۈشىنىشتە، ئەڭ مۇھىمى مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئىشىنىشىدە چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك. چۈنكى مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئىشىنىشى — مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ مۇھىم ئىدىيىۋى ئاساسى. ھەر مىللەت خەلقىمىزنىڭ مەنپەئەتى بىردەك. كوممۇنىستىك پارتىيىمىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتى — كوممۇنىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ھازىر بولسا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت. كوممۇنىزم ئۈچۈن كۆرەش قىلىش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش، تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئەتىنى مەقسەت قى-

لىدۇ. پارتىيىمىز جان دىلى بىلەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، ھەر مىللەت خەلقى چوقۇم پارتىيىمىزنى ھىمايە قىلىدۇ. بىز بۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىشىمىز كېرەك. مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشى، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا زىيان يەتكۈزۈشى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئەتىگە خىلاپ بولۇپ، چوقۇم ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىردەك قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ.

(2) بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتىدا چىڭ تۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش. ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرغان ئاساستا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماددىي، مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى يىلدىن يىلغا ياخشىلىشىمىز كېرەك.

(3) ئىدىيىۋى سەپتىكى خىزمەتلەرنى كۈچەيتىش. تەشۋىقات، مائارىپ، مەدەنىيەت، ئىجتىمائىي پەن، كىنو-تېلېۋىزىيە، ئاخبارات، نەشرىيات قاتارلىق تارماقلار بىر تەرەپتىن، شىنجاڭنىڭ ئەزەلدىن جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى توغرا كۆز قاراشنى تەشۋىق قىلىشى كېرەك. ھازىر بۇنىڭغا ئائىت نۇرغۇنلىغان كىتابلار بار، مەسىلەن، جۇڭگونىڭ ئومۇمىي تارىخى، جۇڭگو يېقىنقى زامان تارىخى، شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى، شىنجاڭ تارىخىغا دائىر ماقالىلەر توپلىمى، شىنجاڭ تارىخى مەجمۇئەسى، غەربىي دىيار تارىخى مەجمۇئەسى دېگەن كىتابلارنى ھەمدە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشنى تەشۋىق قىلىدىغان باشقا كىتابلارنى تەرجىمە

نىلىش، نەشىر قىلىش، تارقىتىش ۋە تەشۋىق قىلىش
خىزمىتىنى كۈچەيتىشىمىز كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن، شىن-
جاڭ «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن خاتا كۆز قاراشنى
تەنقىد قىلىشىمىز، ۋەتەنىمىز بىرلىكىگە بۆلگۈنچىلىك سا-
لىدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان
جىنايى سۈيىقەستلەرنى پاش قىلىشىمىز، تەنقىد قىلىشىمىز،
شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقى دەيدىغان ئەكسىيەتچىل
ئىدىيىنىڭ خالىغانچە يامراپ كېتىشىگە، ھەر مىللەت خەل-
قىنى زەھەرلىشىگە ھەرگىز يول قويماسلىقىمىز كېرەك.

(4) دىنىي خىزمەتنى كۈچەيتىش. دىنىي مەسىلە
توغرىسىدا بىرلىكسەپ بۆلۈمى ئوتتۇرىغا قويغان پىكىرنى
مېنىڭچە يولغا قويۇشقا بولىدۇ. بىز دىنىي ئېتىقاد ئەر-
كىنلىكى سىياسىتىنى يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، دىنغا
ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىنى تەشۋىق قىلدۇق ۋە قوغدى-
دۇق، بۇ توغرا، بۇنى داۋاملاشتۇرۇشىمىز كېرەك؛ دىنغا
ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىنى تەشۋىق قىلىشىمىز ۋە
قوغدىشىمىز يېتەرلىك بولمىدى، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ جە-
ھەتتىكى خىزمەتنى كۈچەيتىشىمىز كېرەك. دىنىي پائالى-
يەتلەر ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار يول قويغان دائىرىدە
ئېلىپ بېرىلىشى، ئاساسىي قانۇنغا ۋە قانۇنلارغا خىلاپ-
لىق قىلماسلىقى كېرەك. ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدىغان، مىل-
لەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايدىغان، سوتسىيالىزمنى ھىما-
يە قىلىدىغان دىنىي زاتلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، سوت-
سىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھات،
ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئۈچۈن ئاكتىپ ئامىللارنى كۆپەي-
تىش كېرەك. ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ۋە يېڭىدىن قۇرۇل-

غان مەسچىتلەرنىڭ سانى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»نىڭ ئالدىدىكىلەردىن ئېشىپ كەتتى، مەسچىت سېلىشنى مۇشۇ يەردە توختىتىش؛ كۆپرەك مەكتەپ سېلىش كېرەك. دىنىي مەكتەپلەرنى پىلانلىق، نۇقتىلىق هالدا ئېچىش، ئۇنىڭ ئەركىن تەرەققىي قىلىپ كېتىشىگە يول قويماسلىق كېرەك. ئۇ-رۇمچى، قەشقەرلەردە بىردىن نۇقتىلىق دىنىي مەكتەپ ئېچىلسا بولىدۇ؛ رەھبەرلىكنى، كادىرلار قوشۇنىنى كۈچەيتىش كېرەك؛ ۋەتەننى سۆيىدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغ-دايدىغان، سوتسىيالىزمنى ھىمايە قىلىدىغان دىنىي زات-لارنى يېتىشتۈرۈش كېرەك. چەت ئەلدىكى دىنىي مەكتەپ-لەرگە دىنىي ئوقۇشقا ئەۋەتىشنى قاتتىق تىزگىنلەش كې-رەك. ھەجگە بارىدىغان خادىملار قەتئىي دۆلەت بەلگىلى-گەن ئادەم سان بويىچە چىقىرىلىشى، خالىغانچە كۆپەي-تىلمەسلىكى كېرەك. دىنىي زاتلارنى ئېقىم مەسىلىلىرىنى، پارتىيىنىڭ فاڭجېن - سىياسەتلىرىنى، دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇن، قانۇنلىرىنى، ئەمر - پەرمانلىرىنى ۋە بەلگىلىمى-لىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە دائىم تەشكىللەش كېرەك.

(5) ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنى كۈچەي-تىش. بىڭتۈەننىڭ كۈچىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. يەرلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇ-لۇش بىڭتۈەننىڭ تەرەققىياتىغا تېخىمۇ ئاكتىپ ياردەم بېرىشى، شۇ ئارقىلىق بىڭتۈەننىڭ كۈچىنى ئۈزلۈكسىز زو-رايتىشى كېرەك.

(6) جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ۋە قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتىنى ياخشى

ئىشلەپ، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيـ
تىش. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ۋە قوراللىق ساقچى قىـ
سىملىرىنىڭ تارىختىكى تۆھپىلىرىنى دائىم تەشۋىق قىـ
لىش، ئۇلارنىڭ ۋەتەننىڭ چېگرىسىنى قوغداشقا قاتنىـ
شىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداۋاتقانلىقىنى، مىللەتلەر
ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىۋاتقانلىقىنى، سوتسىيالىستىك قۇرۇ-
لۇش ۋە ئاپەتكە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە قاتنىشىپ كۆ-
رۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشكەنلىكى، جۇڭگو خەلق ئا-
زادلىق ئارمىيىسىنىڭ ۋە قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنىڭ
ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا ئالىيجاناب ئوبرازىنى ساق-
لىغانلىقىنى تەشۋىق قىلىش كېرەك.

(7) جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئامانلىقىنى ساقلاش
تارماقلىرى خىزمىتىنى كۈچەيتىش. جامائەت خەۋپسىزلىكى،
ئامانلىق ساقلاش تارماقلىرى دائىم زېچ ئالاقىلىشىپ
تۇرۇشى، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچـ
لىكنىڭ يۈزلىنىشىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشى، دۆلەت
ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھالدا بۆل-
گۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان دۈشمەنلەرگە
قارشى كۈرەشنى كۈچەيتىشى كېرەك.

(8) بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتا، كۆپچىلىكنىڭ
پىكرى بىردەك. بۇرژۇئا مىللەتچىلىكىگە قارشى تۇرۇشنى
ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەكمۇ - يوق دېگەن مەسىلىدە بەزى
ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەر مەۋجۇت. مېنىڭچە ئوتتۇرىغا
قويۇش كېرەك، قويماسلىققا بولمايدۇ. نېمە ئۈچۈن؟
بىرىنچىدىن، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي
قانۇنىدا ئېنىق قىلىپ مۇنداق كۆرسىتىلگەن:

«بۇرژۇئا مىللەتچىلىكىگە قارشى تۇرۇش ،چوڭ مىللەتچىلىكىكە، ئاساسەن چوڭ خەنزۇچىلىققا قارشى تۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش كېرەك.» بۇ ناھايىتى توغرا. ئاساسىي قانۇن دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ قانۇنى. ھەر بىر پۇقرا بۇنىڭغا رىئايە قىلىشى كېرەك، خىلاپلىق قىلىشقا بولمايدۇ، ئىنكار قىلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. ئىككىنچىدىن، بۇرژۇئا مىللەتچىلىكى، چوڭ خەنزۇچىلىق، يەرلىك مىللەتچىلىك ــ ئوبيېكتىپ مەۋجۇت، ئۇلار ۋەتىنىمىز بىرلىكىگە ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا زىيان كەلتۈرىدۇ، بۇرژۇئا مىللەتچىلىكىگە، چوڭ خەنزۇچىلىققا، يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرماسلىق ۋەتىنىمىز بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا كۆپ زىيانلىق. ئۈچىنچىدىن، بۇرژۇئا مىللەتچىلىكىگە، چوڭ خەنزۇچىلىققا، يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويماسلىق كېرەك، بۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇش ئەمەلىيەتتە ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارشى تۇرۇش بولىدۇ دېگەن گەپ بار، مېنىڭچە بۇنداق دېيىش توغرا ئەمەس. يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارشى تۇرغانلىق ئەمەس، بەلكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى يەرلىك مىللەتچىلىك خاتالىقى بار كىشىلەرگە قارشى تۇرغانلىق بولىدۇ. بۇ تامامەن ئوخشاش بولمىغان ئىككى ئۇقۇم. بۇنى پەرقلەندۈرمەي ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ، ئىنتايىن ئاز ساندىكى يەرلىك مىللەتچىلىك خاتالىقى بار كىشىلەرگە قارشى تۇرۇشنى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارشى تۇرۇش دەۋېلىشقا بولمايدۇ. شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت خەلقى پارتىيىنى قىزغىن سۆيىدۇ، ۋەتەننى قىز-

لىمن سۆيىدۇ، سوتسىيالىزمنى قىزغىن سۆيىدۇ؛ يەرلىك مىللەتچىلىك خاتالىقى بار كىشىلەر، پەقەتلا ئىنتايىن ئاز، ئىنتايىن ئاز ساندا، بىزنىڭ قارشى تۇرۇدىغىنىمىز مۇشۇ ئىنتايىن ئاز، ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر بولۇپ، ھەرگىز ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارشى تۇرۇش ئەمەس. يەرلىك مىللەتچىلىك ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئەتىگىلا زىيانلىق بولۇپ قالماستىن، بەلكى شۇ مىللەتنىڭ مەنپەئەتىگىمۇ زىيانلىق، ھەممە مىللەت ئۇلارغا قارشى تۇرۇشى، ئۆز مىللىتىمۇ قارشى تۇرۇشى كېرەك. شۇڭا، ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن بۇرژۇئا مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك، بۇنى ئوتتۇرىغا قويماسلىققا بولمايدۇ؛ ئوتتۇرىغا قويۇلمىسا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشىغا پايدىلىق ئەمەس، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئەتىگە پايدىلىق ئەمەس، ئۆز مىللىتى خەلقىنىڭ مەنپەئەتىگىمۇ پايدىلىق ئەمەس. ئەلۋەتتە، بۇرژۇئا مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇشتا ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، سولچىل خاتالىقتىن ساقلىنىش كېرەك، نىشانسىز ئوق ئېتىشقا، كېڭەيتىۋېتىشكە، قالايمىقان كىيدۇرۇشكە، ئاشۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ، ئاساسەن بۇرژۇئا مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش تەربىيىسى، ماركسىزم - لېنىنىزملىق مىللەت قارىشى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، ھەر مىللەت كادىرلىرىنى ۋە خەلقىنى مىللىي مەسىلە جەھەتتە بىر توغرا تونۇشقا ئىگە قىلىش كېرەك.

(9) پارتىيە رەھبەرلىكىنى، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، كوممۇنىستىك ئاڭغا ئىگە تېخىمۇ كۆپ ئاز سانلىق

مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش. بۇ، ۋەتەنىمىزنىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ئىناق - ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى. پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشتە، مەركىزىي كومىتېتنىڭ سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بويىچە كونكرېت چارىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك. ئومۇمىي تەلەپ، پارتىيە رەھبەرلىكىنى ئاجىزلىتىش ئەمەس، بەلكى پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش كېرەك.

پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە، ھەر مىللەت ئارىسىدىكى مۇنەۋۋەرلەرنى پارتىيە تەشكىلىگە قوبۇل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى، بولۇپمۇ يېزا، كەنت قاتارلىق ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. پارتىيە قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلسىلا، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىكى كۈچەيتىلسىلا، ئاندىن ۋەتەنىمىزنىڭ بىرلىكىنى قوغدىغىلى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتكىلى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلىگىلى بولىدۇ.

ھەرمىللەت ئىختىساسلىق خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈشتە ئەڭ مۇھىمى مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. توققۇز يىللىق مەجبۇرىي مائارىپنى چىڭ تۇتۇپ، تولۇق ئوتتۇرا، ئالىي مەكتەپ ۋە تۈرلۈك مەخسۇس مەكتەپلەرنى ياخشى

ئېچىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپلىرىنى ياخشى ئېچىش كېرەك. ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەش، تاللاشتا چوقۇم ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك، قابىلىيەت بولمىسا بولمايدۇ، ئەخلاق بولمىسا تېخىمۇ بولمايدۇ، قابىلىيەتكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئەخلاققا سەل قاراشقا بولمايدۇ. ئەخلاق — سىياسىي شەرت. ئىنقىلابىيلاشقان بولۇش، 13 - قۇرۇلتاينىڭ لۇشيەنى ۋە پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرالايدىغان بولۇش؛ جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش؛ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىكى ئىپادىسى ياخشى بولۇش؛ ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، ئامما بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلاش قاتارلىقلار. بۇ شەرتلەرگە ئۇيغۇن كەلگەنلىرىنى ئۆستۈرۈپ ئىشلىتىش كېرەك؛ ئۇنداق بولمىسا، ئۆستۈرۈپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى چوڭقۇر، ئەتراپلىق چۈشىنىش، خىزمەت ئەمەلىيىتى ۋە ئاممىۋى لۇشيەن ئارقىلىق كادىرلارنى پەرق ئېتىش، ئىپادىسى ياخشى، خىزمەتتە نەتىجىسى بارلارنى تەقدىرلەش، ئۆستۈرۈش كېرەك؛ ئىپادىسى ياخشى ئەمەس، خىزمەت نەتىجىسى يوقلارنى تەنقىد قىلىش كېرەك. ئۇنداقلارنى ئۆستۈرۈشكە بولمايدۇ؛ مۇھىم مەسىلىلەردە، ھالقىلىق پەيتلەردە ئىپادىسى ياخشى بولمىغانلارنى ئېتىبار بىلەن ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. بىز چوقۇم پارتىيىنىڭ كادىرلار لۇشيەنى ۋە كادىرلار سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەر مىللەت مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىق خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈپ ۋە تاللاپ، ھەرقايسى سەپلەرنى تولۇقلىشىمىز لازىم.

## (2) 1990 - يىل 2 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 7 - سانلىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆزى

(قىسقارتىلمىسى)

1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش مەسىلىسى مەخسۇس مۇزاكىرە قىلىندى. 2 - ئاينىڭ 2 - ۋە 3 - كۈنلىرى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدا يەنە مىللىي ۋە دىنىي مەسىلە مەخسۇس مۇزاكىرە قىلىندى، بۇ ناھايىتى زۆرۈر. بۇ ئىككى مەسىلە زىچ باغلىنىشلىق. مىللىي خىزمەت ۋە دىنىي خىزمەتنى ياخشى تۇتۇش شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ئاچقۇچى.

نۆۋەتتە خەلقئارا مىقياستىكى سىنىپىي كۈرەش مۇرەككەپ ۋە جىددىي ئۆزگىرىش بولۇپ تۇرۇۋاتقان ۋەزىيەت ئاستىدا، جاھانگىرلىكنىڭ شەرقىي ياۋروپادىكى «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» سۇيىقەستى ئىشقا ئاشتى، ئۇلار ئەمدى باشقا سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرگە، بولۇپمۇ دۆلىتىمىزگە قارىتا «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلىرىنى تېخىمۇ ئېلىپ بارىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى گورباچېۋ

جاھانگىرلىكنىڭ تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش ئېھتىياجىغا ماس-
لىشىپ، كاپىتالىزم تەرەپكە قاراپ ئۆزگىرىۋاتىدۇ، سوۋېت
ئىتتىپاقىدا مىللىي مەسىلە ماجىراسى بارغانسىرى كۈچە-
يىپ كەتتى، بالتىق دېڭىزى بويىدىكى لىتۋا مۇستەقىللىق
ئېلان قىلدى، ئەزەربەيجان، ئەرمىنىيە مىللىي ماجىرا
چىقىرىپ، ئىچكى ئۇرۇشقا راۋاجلاندى، ئوكرائىن، قازا-
قىستان، تاجىكىستان قاتارلىق جايلاردىمۇ مۇستەقىللىق
دەۋاسى بولۇۋاتىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى شىنجاڭغا تەسىر
قىلماي مۇمكىن ئەمەس. ئىلگىرى شىنجاڭغا قارىتا مىللىي
بۆلگۈنچىلىك ئېلىپ بارغان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي
ئاسىيادىكى شەرقىي تۈركىستانچى تۈرلۈك تەشكىلاتلار
ئەمدى شىنجاڭغا قارىتا مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەت-
لىرىنى تېخىمۇ كۈچەپ ئېلىپ بارىدۇ. بۇرژۇئاچە ئەركىن-
لەشتۈرۈش كۈچلىرىمۇ پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ بۇزغۇنچىلىق
ھەرىكەتلىرىنى جىددىيلەشتۈرىدۇ، ئۇ ئەمەلىيەتتە جاھان-
گىر «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» كۈچلىرى، دۆلەت ئىچى-
سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر، تەيۋەندىكى ئەك-
سىيەتچى كۈچلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، شىنجاڭدا
مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى جىددىيلەشتۈرىدۇ،
شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن بۇيان، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى
قوغداش بىلەن ۋەتەننى پارچىلاش ئوتتۇرىسىدا ئىزچىل
كۈرەش بولۇپ كەلدى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش
بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزۇش ئوتتۇرىسىدا ئىز-
چىل كۈرەش بولۇپ كەلدى، 1951 - يىلىدىكى 51 چىلەر
سۆھبەت يىغىنىدا شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش دەۋاسى
بولغاندىن تارتىپ، 1957 - يىلى يەرلىك مىللەتچىلەر-

نىڭ پارتىيىگە ھۇجۇم قىلىشى، 1962 - يىلىدىكى «29- ماي» ئىلى - چۆچەك ۋەقەسى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسىنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى، كېيىن «30 - ئۆكتەبر ۋەقەسى»، «12 - دېكابىر ۋەقەسى»، «15 - ئىيون ۋەقەسى»، «19 - ماي ۋەقەسى» قاتارلىقلار يۈز بەردى. شۇڭا بىز بۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭدا ئىلگىرىكىگە ئوخشاش ۋەقەنىڭ يۈز بېرىش مۇمكىنلىكىنىلا ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ چوڭ ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشى مۇمكىنلىكىنىمۇ مۆلچەرلىشىمىز كېرەك.

ئەلۋەتتە، يەنە بىر تەرەپتىن، بىز مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى يېڭىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ،شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش جەھەتلەردە نۇرغۇن پايدىلىق شارائىتلارغىمۇ ئىگە.

— بىز ماركسىزم،لېنىنىزم،ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدەك توغرا يول تۇتقان، سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرىدىغان پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىگە، پارتىيىنىڭ توغرا لۇشيەنى، توغرا مىللىي سىياسىتىگە ئىگە.

— شىنجاڭدىكى پارتىيە تەشكىلاتى ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ئاساسىدا قۇرۇلغان، ھازىر 670 مىڭدىن ئارتۇق پارتىيە ئەزاسى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت پارتىيە ئەزالىرى 250 مىڭدىن ئاشىدۇ، ئۇلار كوممۇنىستىك ئاڭغا ئىگە ھەر مىللەت مۇنەۋۋەر ئىلغارلىرى، ئۇلار بىردەك ئىتتىپاقلاشقان بولۇپ، جەڭگىۋارلىققا ئىگە.

— بىزدە شىنجاڭنى قوغدايدىغان، شىنجاڭدىكى

ھەر مىللەت خەلقىنى قوغدايدىغان قۇدرەتلىك خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بار.

— بىزدە قۇدرەتلىك شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى بار، ئۇ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ قۇدرەتلىك كۈچى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ۋە ۋەتەننىڭ چېگرىسىنى قوغداشتىكى قۇدرەتلىك كۈچتۇر.

— شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە، 40 يىللىق سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش، بولۇپمۇ يېقىنقى ئون يىللىق ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشكىنى ئېچىۋېتىش ئارقىلىق، ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتلەردە مىسلىسىز راۋاجلىنىش بولدى، شىنجاڭنىڭ قىياپىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولدى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. ھەر مىللەت خەلقى پەقەت كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى چوڭ ئائىلىسىگە ئىتتىپاقلىشىپ، قەتئىي تۈردە سوتسىيالىزم يولىغا ماڭغاندىلا، ئاندىن بۈگۈنكىدەك بەختلىك تۇرمۇش ۋە ئەتىكى پارلاق ئىستىقبال بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتى. شۇڭا، بىز دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش، ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشتا تولۇق كۈچكە ۋە ئىشەنچكە ئىگىمىز.

ئاچقۇچ — خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشتە.

### 1. ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشنى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم-لار خىزمىتىنىڭ مۇھىم ئورنىغا قويۇپ چىڭ تۇتۇش، ياخشى تۇتۇش لازىم

مىللىي بۆلگۈنچىلىك شىنجاڭدىكى ئاساسىي خەۋپ. ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ۋەزىپىسى، شۇنداقلا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق بولغان ئىنتايىن مۇھىم ۋەزىپىسى. چۈنكى بۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تۈپ مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك. ۋەتەننىڭ بىرلىكى بولمىسا، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى بولمىسا، سوتسىيالىستىك ئىشلىرىمىزنىڭ غەلىبە قىلىشى مۇمكىن ئەمەس، ھەر مىللەت خەلقىمىزنىڭ ھازىرقى بەختلىك تۇرمۇشى ۋە پارلاق كەلگۈسىدىكى ئىستىقبالىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، ھەر مىللەت خەلقى مەيدانى مۇستەھكەم، بايرىقى روشەن ھالدا ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدىشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىشى، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشى كېرەك. بەزى كىشىلەر، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش دېگەن تۇقماق، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە زەربە بېرىدىغان نەرسە، دەيدۇ، بۇ ئىنتايىن خاتا، ئىنتايىن بىمەنىلىك. مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش تۇقماق ئەمەس، ئۇ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشنى، مۇقىملىقىنى، سوتسىيالىزم

ئىشلىرىنىڭ غەلىبىسىنى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق
مەنپەئىتىنى مەقسەت قىلىدۇ. ئەگەر توقماق دېيىلىدىغان
بولسا، ئۇنىڭ زەربە بېرىدىغىنى ھەر مىللەت خەلقى
ئىچىدىكى ئىنتايىن ئاز ساندىكى مىللىي مۇناپىقلار ۋە
ئورتاق دۈشمەنلەر، بۇنى قانداقمۇ ئاز سانلىق مىللەتـ
لەرگە زەربە بېرىش دېگىلى بولسۇن؟ ھەر مىللەت
خەلقىمىز كوممۇنىستىك پارتىيىنى، سوتسىيالىزمنى ھىمايە
قىلىدۇ، ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى
قوغدايدۇ. پارتىيىمىز بارلىق كۈچى بىلەن ئاز سانلىق
مىللەتلەرگە غەمخورلۇق قىلىدۇ، كۆيۈنىدۇ ۋە ئۇلارنى
ئاسرايدۇكى، ھەرگىز ئاز سانلىق مىللەتلەرگە زەربە
بەرمەيدۇ. مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشنى ئاز
سانلىق مىللەتلەرگە زەربە بېرىش دېيىش تامامەن
يامان غەرەز بولۇپ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە قۇتراتقۇلۇق
قىلىش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشقا قارشى
تۇرۇش، ھەر مىللەت خەلقىگە زىيان سېلىشتىن ئىبارەت.
يەنە بەزىلەر: مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش
مىللىي ھېسسىياتقا زىيان سالىدۇ، دەيدۇ، بۇمۇ ئىنتايىن
خاتا، ئىنتايىن بىمەنىلىك. مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى
تۇرۇش ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىگە،
ئورتاق ئارزۇسى ۋە تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ، ھەر مىلـ
لەت خەلقىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىدۇ. ئۇ قانداقمۇ مىللىي
ھېسسىياتقا زىيان سالىدۇ؟ ئەگەر مىللىي ھېسسىياتقا
زىيان سالىدۇ دېيىلىدىغان بولسا، قانداق كىشىنىڭ
مىللىي ھېسسىياتىغا زىيان سالىدۇ؟ پەقەت مىللىي بۆلـ
گۈنچىلەرنىڭ مىللىي ھېسسىياتىغا زىيان سالىدۇ. مۇشۇنـ

داق گەپنى قىلغۇچىلار پەقەتلا ئۆزلىرىنىڭ مىللىي بۆلگۈنچى ئىكەنلىكىنى ياكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقىنىلا چۈشەندۈرىدۇ. بىز بۇ خىل ئىنتايىن خاتا، ئىنتايىن بىمەنە بولغان يامان غەرەزدىكى سۆزلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىقىمىز، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشقا، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلالماي، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ غالجىرلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىشىغا يول قويۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى بۇزىدىغان ئېغىر ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ھەر مىللەت خەلقىگە زىيان سالىدىغان ئىشنى قىلماسلىقىمىز كېرەك. ئۇنداق بولىدىكەن، تارىخىي خاراكتېرلىك، تولدۇرغىلى بولمايدىغان خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويىمىز.

## 2. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش كېرەك

ئۇزۇندىن بۇيان، بىز قەتئىي بوشاشماي زور مىقداردا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتى ئىشلىدۇق ھەمدە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتۇق. ھازىر شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاق. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش ئۈچۈن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش زۆرۈر.

1989 - يىل 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى مەن خوتەن ۋىلايىتىنىڭ 5 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە

تەقدىرلەش يىغىنى، خوتەن شەھىرىگە مىللەتلەر ئىتتىپاق-لىقى — تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنىچى شەھەر ۋە گوما ناھىيىسىگە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى — تەرەققىياتى، ئارمىيە-خەلق ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ناھىيە دەپ نام بېرىش يىغىنىدا قىلغان سۆزۈمدە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشتا ئەمەل قىلىشقا تېگىش-لىك ئون تۈرلۈك تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدۇم:

(1) جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى-دە، ھەر مىللەت خەلقى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدىن ئىبارەت چوڭ ئائىلىدە زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، سوتسىيالىزم يولىدا قەتئىي ئىلگىرىلەش.

(2) ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش — سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى-نىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى.

(3) ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي باراۋەر-لىك، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنى ئورتاق گۈللەندۈرۈشتە چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت مىللىي خىزمەتنىڭ ئاساسىي فاڭجېنى ۋە تۈرلۈك مىللىي سىيا-سەتلەرنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش.

(4) مىللەتلەر باراۋەر، ئىتتىپاق بولغان، ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇش.

(5) ماركسىزملىق مىللەت قارىشى، مىللىي سىياسەت ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىش.

(6) خەنزۇلار ئازسانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالماسلىق، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالماسلىق، ھەممە مىللەتلەر ئۆزئارا ئايرىلالماسلىق ۋە زىچ ئىتتىپاق بولۇشنى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھەرىكەت مىزانى قىلىش.

(7) ھەر مىللەت خەلقى ئۆزئارا ئىشىنىش، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش، ئۆزئارا قوللاش، ئۆزئارا ئۆگىنىش، ئۆزئارا چۈشىنىش.

(8) ھەممە ئادەمدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىدىيىسى بولۇش، ھەممە ئادەم مىللىي سىياسەتنى بىلىش، ھەممە ئادەم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى سۆزلەش، ھەممە ئادەم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى جەھەتتە ياخشى ئىش قىلىش.

(9) مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئىقتىسادنى تىرىشىپ راۋاجلاندۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش.

(10) مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى جەھەتتىكى ياخشى ئىش، ياخشى ئادەملەر بارلىققا كەلگەندە، ئۇلارنى داغدۇغا بىلەن تەشۋىق قىلىش، تەقدىرلەش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغان يامان ئىش، يامان ئادەملەر سېزىلگەندە، خۇددى چاشقان كوچىدىن ئۆتسە ئۇر - ئۇرغا قالغاندەك، ھەممە ئادەم قارشى تۇرۇش.

بۇ ئون تۈرلۈك تەلەپ ھەم ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۇزاقتىن بۇيانقى مىللەتلەر خىزمىتى ئۇتۇقلىرىنىڭ ئىلمىي يەكۈنى، ھەم بۇنىڭدىن كېيىن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلىشىمىزگە بولغان تەلەپ.

بۇ ئۇن تەلەپنى ھەممە ئائىلىلەرگە، ھەممە كىشىگە بىلدۈرۈش، ھەممە ئادەمنى بۇنىڭغا رىئايە قىلىدىغان قىلىش كېرەك. مەن ھەر يىلى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئېيىدا بۇ ئۇن تەلەپ بويىچە ئىشلىگەن - ئىشلىمىگەنلىكىنى ماددىمۇ - ماددا تەكشۈرۈشنى، ئىشلىگەن بولسا تېخىمۇ ياخشى ئىشلىشىنى، ئىشلىمىگەن بولسا چوقۇم ئىشلىشىنى تەكلىپ قىلىمەن. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈش كېرەك. ئالتاي ۋىلايىتى بۇ ئۇن ماددىنى كۆرگەندىن كېيىن دەرھال ھۆججەت تارقىتىپ، ھەرقايسى جايلاردىن بۇ ئۇن ماددىنى ئۆگىنىشنى ۋە ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. بۇ ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى، ناھايىتى چىڭ تۇتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ، بۇ ناھايىتى ياخشى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار مۇشۇنداق ئىشلىشى كېرەك.

### 3. ئىدىئولوگىيە ساھەسىدىكى خىزمەتلەرنى كۈچەيتىش كېرەك

پارتىيىمىز ئىدىئولوگىيە ساھەسىدىكى ئىستىھكامىنى مۇستەھكەم ئىگىلىشى، مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە يەرلىك مىللەتچىلەرنىڭ بۇ ئىستىھكامغا سوقۇنۇپ كىرىۋېلىشىغا ھەرگىز يول قويماسلىقى كېرەك. پارتىيىمىز مائارىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت، رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە، ئاخبارات، نەشرىيات قاتارلىق تارماقلارنىڭ رەھبەرلىكىنى ئالاھىدە كۈچەيتىش، ۋەتەنپەرۋەرلىك، سوتسىيالىزم، كوممۇنىزمنى

تەشۋىق قىلىشى، ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيە-
سىچە مىللەت قارىشىنى تەشۋىق قىلىشى، پارتىيە ۋە دۆلەت-
نىڭ مىللىي سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىشى، مىللەتلەر بارا-
ۋەر، ئىتتىپاق بولغان، ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان سوتسى-
يالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى تەشۋىق قىلىشى، خەنزۇلار
بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئايرىلالمايدىغانلى-
قىنى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئايرىلالمايدىغانلىقى-
نى تەشۋىق قىلىشى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر
ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشتىكى ياخشى ئادەم، ياخشى ئىشلارنى
تەشۋىق قىلىشى، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشنى
تەشۋىق قىلىشى لازىم. تەشۋىقات تارماقلىرى تارىخ، سى-
ياسەت، ئەدەبىيات ـ سەنئەت جەھەتتىكى كىتاب ـ ژۇر-
ناللاردا ۋە ئاخبارات، گېزىت ـ ژۇرناللىرىدا تارقىتىلغان
مىللىي بۆلگۈنچىلىككە دائىر نەرسىلەرنى تەكشۈرۈپ ۋە
تازىلاپ، ھەر مىللەت خەلقىنى زەھەرلىنىشتىن ساقلىشى
كېرەك. ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە بۆلگۈنچىلىك سالىدىغان،
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزىدىغان ئەكسىيەتچىل، قانۇن-
سىز ژۇرناللار سېزىلسە دەرھال بىكار قىلىش كېرەك.

## 4. دىنىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش كېرەك

(1) پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلى-
كى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك.
دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى بار، دىنغا ئېتىقات
قىلماسلىق ئەركىنلىكىمۇ بار، دىنغا ئېتىقات قىلىش ئەر-
كىنلىكى بارلىقىنىلا تەكىتلەپ، دىنغا ئېتىقات قىلماسلىق

ئەركىنلىكى بارلىقىنى تەكىتلىمەسلىككە بولمايدۇ، دىنغا ئېتىقات قىلماسلىققا مەجبۇرلاشقا بولمايدۇ، شۇنىڭدەك دىنغا ئېتىقات قىلىشقا مەجبۇرلاشقىمۇ بولمايدۇ. دىنىي پائالىيەتلەردە چوقۇم جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى ۋە قانۇنلىرىغا رىئايە قىلىش كېرەك، قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشقا بولمايدۇ.

(2) دىنىي زاتلار بىلەن كەڭ ئىتتىپاقلىشىش كېرەك. دىنىي ساھەدىكى زاتلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ۋەتەننى سۆيىدۇ، ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىشقا بولىدۇ، شۇنىڭدەك ئىتتىپاقلىشىش زۆرۈر، بۇ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى مۇستەھكەملەپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشكە پايدىلىق. ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى سىياسىي جەھەتتە مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش، تۇرمۇش جەھەتتە ئۇلارغا مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىش كېرەك، ئۇلارغا يەنە دائىم تەربىيە ئېلىپ بېرىش كېرەك.

(3) دىنىي نىقاپقا ئورنىۋېلىپ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەت ئېلىپ بارغان دۈشمەنلەرگە زەربە بېرىش كېرەك. ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى دىنىي نىقاپقا ئورنىۋېلىپ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەت ئېلىپ بارغان دۈشمەنلەردىن قاتتىق پەرقلەندۈرۈش، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى قەتئىي قوغداش كېرەك؛ دىنىي نىقاپقا ئورنىۋېلىپ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارغان دۈشمەنلەرگە قەتئىي زەربە بېرىش كېرەك.

(4) دىنغا ئائىت بىر قانچە مەسىلىنى توغرا بىر

تەرەپ قىلىش كېرەك. بىرى، مەسچىت مەسىلىسى، ھازىر بار بولغان مەسچىتلەر ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى ساندىن ئېشىپ كەتتى، ئەمدى سېلىشقا بولمايدۇ، يەنە مەسچىت سېلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، بۇ خەلققە جاپا، مال - مۈلۈككە زىيان. مەسچىت سالىدىغان پۇلغا مەكتەپ سېلىش كېرەك. سېلىنىپ بولغان مەسچىتلەرگە قارىتا، خەلق ھۆكۈمىتى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك، مەسچىت دىنىي ئېتىقات قىلىدىغان ئاممىنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەت ئۆتكۈزۈش سورۇنى، دىنىي تونىغا ئورىنىۋالغان دۈشمەنلەرنىڭ مەسچىتكە سۇقۇنۇپ كىرىۋېلىپ بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ. بۇنداق ئەھۋال كۆرۈلسە، مەسچىتكە رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان ئىمام - ئاخۇنۇملار ۋە دىنغا ئېتىقات قىلغۇچى ئامما ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلىشى كېرەك. ئىككىنچى، دىنىي مەكتەپ مەسىلىسى. دىنىي مەكتەپ قۇرۇشتا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 1988 - يىلدىكى 82 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىنى قەتئىي ئىجرا قىلىش كېرەك، يەنى شەخسلەر دىنىي مەكتەپ ئېچىشقا بولمايدۇ، ئاچقانلارنى قەتئىي ىىكار قىلىش كېرەك. دىنىي مەكتەپلەرنى دىنىي تەشكىلاتلار بىلەن دىنغا ئېتىقات قىلغۇچى ئامما مۇزاكىرىلەشكەندىن كېيىن شۇ جايدىكى ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقلىشى بىلەن قۇرسا بولىدۇ. قەشقەر ۋىلايىتىدە دىنىي مەكتەپ قۇرۇش كېرەكمۇ - يوق، قۇرسا قانداق دىنىي مەكتەپ قۇرۇش مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىنغاندىن كېيىن بېكىتىلىدۇ. ئۈچىنچى، ھەج قىلىش مەسىلىسى. ئازادلىقتىن ئىلگىرى ھەجگە بارغان كىشىلەر ئاندا - ساندا ئىدى، ئازادلىق-

تىن كېيىن تا ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەنگە قەدەر ئۆز ئالدىغا ھەجگە بارغانلار ئاساسىي جەھەتتىن يوق ئىدى. ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن، ھەج قىلىش ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىلدى. قايسى بىر يىلى ھەج قىلغان كىشى مىڭدىن ئېشىپ كېتىپ، يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقتى. بىر كىشى ھەج قىلىشقا بارسا، ئامما پۇل چىقىرىپ، ئامىمىنىڭ يۈكى ئېغىرلاپ كەتتى؛ بەزىلەر يۇرتىدىن ئايرىلىپ، يىراق ياقا ئەللەردە كېسەل بولۇپ ئۆلدى، بەزىلەر قىيىنىلىپ ئۆلدى، بەزىلەر چەت ئەللەردە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ، ئىنتىزامنى بۇزۇپ، يامان تەسىر قالدۇردى؛ بەزىلەر چەت ئەل ئىشپىيونلىرى تەرىپىدىن سېتىۋېلىنىپ، قايتقاندىن كېيىن بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى. بۇنىڭدىن كېيىن ھەجگە بېرىشنى قاتتىق كونترول قىلىش كېرەك، دۆلەت ھەر يىلى قانچىلىك كىشى ئۆز خىراجىتى بىلەن ھەجگە بېرىشنى بەلگىلىسە، شۇنچە ئادەم بارىدۇ، بىرىنىمۇ ئاشۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. ئازايتىشقا بولسىلا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئازايتىش كېرەك، ھەر قانداق شەخس كىمنىڭ ھەجگە بېرىشنى تەستىقلاشقا بولمايدۇ، چەت ئەلگە تۇغقان يوقلاش ۋە ھەجگە بېرىشنى قاتتىق پەرقلەندۈرۈش كېرەك، تۇغقان يوقلاشنى باھانە قىلىپ ھەجگە بېرىشقا بولمايدۇ، چەت ئەلگە تۇغقان يوقلاشقا بارىدىغانلارنى قاتتىق تەكشۈرۈش كېرەك، چەت ئەلدە تۇغقىنى يوقلارنىڭ تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن چەت ئەلگە چىقىشىنى تەستىقلاشقا بولمايدۇ. تۆتىنچى، چەت ئەلدىكى دىنىي ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇش ئۈچۈن ئوقۇغۇچى چىقىرىش مەسىلىسى توغرىسىدا. پاكىستاننىڭ راۋالپىندى ۋە لاھور-

دىكى ئالىي دىنىي بىلىم يۇرتىغا ئوقۇشقا ئوقۇغۇچى ئەۋەتىشتىن ساۋاق ئېلىش كېرەك، ئۇلار پارتىيىگە قارشى، ۋەتەنگە قارشى، سوتسىيالىزمغا قارشى ئۇنسۇرلارغا ئايلىنىپ كەتتى، شۇڭا، بۇنىڭدىن كېيىن قايتا ئەۋەتمەسلىك كېرەك. ئاپتونوم رايون ئۇرۇمچىدە دىن شۆيۈەنى قۇردى، ئوقۇغۇچى ئەۋەتسە مۇشۇ مەكتەپكە ئەۋەتسە بولىدۇ. بەشىنچى، ۋەھھابى، ئون ئىككى ئىماملار مەزھىپى مەسىلىسى. ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلىشتىن ئىلگىرى، شىنجاڭدا بۇ ئىككى دىنىي مەزھەپ سېزىلمىگەنىدى، ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن، ئۇلار سەئۇدى ئەرەبىستانى ۋە ئىراندىن كىردى. بۇ ئىككى مەزھەپنىڭ شىنجاڭدا تەرەققىي قىلىشى دىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مۇرەككەپلىكىنى ۋە زىددىيەتنى كۈچەيتىۋەتتى، جەمئىيەتتىكى مۇقىمسىزلىق ئامىلىنى كۈچەيتىۋەتتى. ئۇلارنىڭ ئەۋج ئېلىشىنى قاتتىق كونترول قىلىش، ئۇلارنىڭ قانۇنسىز دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىدىن، تىنچ-ئىتتىپاقلىققا بۇزغۇنچىلىق سېلىشىدىن ھوشيار بولۇش كېرەك.

(5) دىنىي ئىشلار ئىدارىسى ۋە ئىسلام دىنىي جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتىنى كۈچەيتىش كېرەك.

(6) پارتىيىنىڭ يېزىلاردىكى رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش كېرەك. يېزا خىزمىتىگە پارتىيە رەھبەرلىك قىلىشى كېرەك، دىنىنىڭ رەھبەرلىك قىلىشىغا بولمايدۇ. دىنىنىڭ مەمۇرىيەت، مائارىپ، نىكاھ ئىشلىرى قاتارلىقلارغا ئارىلىشىۋېلىشىغا بولمايدۇ. دىنىي سىياسەتنى توغرا ئىجرا قىلىش كېرەك. دىنىي سىياسەتنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش، توغرا بولمىغانلىرىدا چېك تۇرۇش، خاتا بول-

غانلىرىنى تۈزىتىش، توغرا بولغانلىرىنى خاتا دەپ تۈزى-
تىپ يۈرمەسلىك كېرەك. يەر ئىسلاھاتىدا بىكار قىلىنغان
دىنىي ئىمتىيازنى ۋە دىن ئېكسپلاتاتسىيىسىنى ئەسلىگە
كەلتۈرۈشكە بولمايدۇ. يېزىلاردىكى پارتىيە ئەزالىرىغا
كوممۇنىزم تەربىيىسىنى كۈچەيتىش، پارتىيە ئەزالىرى
دىنغا ئېتىقات قىلماسلىق پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش، ئەس-
لىدە ناماز ئۆتىمەيدىغانلار ئەمدى ناماز ئۆتەشنى ئەسلى-
گە كەلتۈرۈۋالماسلىقى كېرەك. يەر ئىسلاھاتىدا پارتىيىگە
كىرگەن پېشقەدەم پارتىيە ئەزالىرىغا ئاخۇن بولماسلىق
توغرىسىدا تەربىيە بېرىش كېرەك، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا
قىيىنچىلىقى بولسا، رەھبەرلىك ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى
ھەل قىلىشىپ بېرىشى كېرەك.

## يولداش ۋاڭ ئېنماۋنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيىلىك كادىرلار يىغىنىدا قىلغان سۆزى

1990 - يىل 4 - ئاينىڭ 21 - كۈنى

يولداشلار:

بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن، يولداش سۇڭ خەنلياڭ بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقتۇرۇپ ئۆتتى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى مۇقىملىق خىزمىتى ھەققىدە پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ ناھايىتى ياخشى سۆزلىدى.

بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ ۋەقەسى ناھايىتى ئېغىر ۋەقە. ئۇنى ئازادلىقتىن بۇيان ناھايىتى ئاز كۆرۈلگەن ئېغىر ۋەقە دېيىشكە بولىدۇ. بۇ قېتىم بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ تېزلا تىنجىتىلدى، بۇ ناھايىتى زور غەلىبە. بۇ غەلىبە بارىن يېزىسىنى، ئاقتۇ ناھىيىسىنى، قىزىلسۇ ئوبلاستىنى مۇقىملاشتۇرۇشتىلا ئەمەس، بەلكى قەشقەرنى مۇقىملاشتۇرۇش ھەتتا پۈتكۈل جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە پۈتۈن شىنجاڭنى مۇقىملاشتۇرۇشتىمۇ زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇ قېتىم نېمە ئۈچۈن بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنى تېزلا تىنجىتالىدۇق؟

يولداش سۇڭ خەنلياڭ بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقتۇرغاندا بۇنى ناھايىتى ئېنىق سۆزلىدى، ئۇنىڭ پىكرىگە تامامەن قوشۇلىمەن، دۇ يەردە ئۇنى تەكرارلاپ ئولتۇرمايمەن.

مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق سالىدۇ. بىزنىڭ بۇ قېتىم بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنى تىنجىتقانلىقىمىز شىنجاڭنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنى تىنجىتىشتا كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم چۈشەندۈرۈپ بەردى.

بىرىنچى، بىز پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ۋە ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىگە، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ياردىمىگە ئىگىمىز. شىنجاڭ — جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، شىنجاڭ يېتىم ئەمەس، ئۇ مەركىزىي كومىتېت، گوۋۇيۈەن ۋە مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىگە، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ياردىمىگە ئىگە بولالايدۇ. شىنجاڭنىڭ كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە ئىكەنلىكى شىنجاڭنىڭ ئۆزىدىلا نامايان بولۇپ قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ۋە مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىگە، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ياردىمىگە ئىگە بولغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭدىن چوڭ ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنىمۇ تىنجىتىشقا كۈچ - قۇدرىتىمىز يېتىدۇ، ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرىش غەرىزىنىڭ ئىشقا ئېشىشى مۇمكىن ئەمەس.

ئىككىنچى، بىز پارتىيىمىزنىڭ شىنجاڭدىكى 40 يىللىق خىزمەت ئاساسىغا ئىگىمىز، بۇنداق ئاساس سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. شىنجاڭنىڭ ئازاد بولغىنىغا 40 نەچچە يىل بولدى، پارتىيىمىز شىنجاڭدا يىلتىز تارتتى. پارتىيىمىز ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى بىلەن ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى قۇردى، كوممۇنىستىك ئاڭغا ئىگە، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى بىلەن قويۇق ئالاقە باغلايدىغان نۇرغۇن ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى، بۇ قېتىمقى توپىلاڭنى تىنجىتىش كۈرىشى داۋامىدا ئۇلارنىڭ مەيدانى مۇستەھكەم بولدى، ئۇلار قەتئىيلىك بىلەن كۈرەش قىلدى، ئۇلارنىڭ ئىپادىسى ناھايىتى ياخشى بولدى. بىز پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئىجرا قىلىپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇپ، دېموكراتىك ئىسلاھات، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىپ، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، شىنجاڭدا يەر - جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماددىي ۋە مەدەنىيەت تۇرمۇش سەۋىيىسىنى كونا جەمئىيەتنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرغۇسىز دەرىجىدە ئۆستۈردۇق. شۇڭا، بارىن يېزىسىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنى تىنجىتىش ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى.

ئۈچىنچى، بىزدە شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ۋە قوراللىق ساقچى قىسىم بار. ئۇلار شىنجاڭنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق

تۇپىلاڭنى تىنجىتىشتىكى قۇدرەتلىك كۈچ.

تۆتىنچى، بىزدە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش – قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى بار. ئۇلارەۇ شىنجاڭنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنى تىنجىتىشتىكى قۇدرەتلىك كۈچ. نېمە ئۈچۈن مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئىشلەپچىقىرىش – قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىگە شۇنچە قارشى تۇرىدۇ؟ چۈنكى بىڭتۇەن ئۇلارنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈش، «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇشىدىكى توسالغۇ.

بىز جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ، قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنىڭ ۋە ئىشلەپچىقىرىش – قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ مۇھىملىقىنى تولۇق تونۇشىمىز كېرەك. بىزنىڭ شىنجاڭدا، ئەگەر جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى، قوراللىق ساقچى قىسىملىرى، ئىشلەپچىقىرىش – قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى بولمىسا، شىنجاڭنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنى تېز تىنجىتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتى ۋە مال – مۈلكىنى ۋە خاتىرجەم، خۇشال – خۇرام ياشىشىنى، بەختلىك تۇرمۇشىنى قوغداش مۇمكىن ئەمەس، بىز جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ، قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنىڭ ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش – قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ مۇھىملىقىنى ۋەقە كۆرۈلگەن چاغلاردىلا ئەمەس، بەلكى ئادەتتىكى ۋاقىتلاردىمۇ تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك. بىز چوقۇم جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى، قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنى ۋە ئىشلەپچىقىرىش – قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنى قىزغىن سۆيۈش، ھىمايە قىلىش ۋە قوللاش ئاڭلىقلىقىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ بۇ قېتىم بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنىڭ خاراكتېرىنى بېكىتىشى توغرا، بارىن يېزىسىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ تەشكىللىك، مەقسەتلىك، پىلانلىق كۆتۈرۈلگەن. تەشكىللىك دېگەندە، ئۇلار «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى» دېگەن ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلاتنى قۇرغان؛ ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنىڭ بىرىنچى كاتىپى، باش قوماندانى زەيدىن يۈسۈپ بولغان، ئىككىنچى كاتىپى، مۇئاۋىن باش قوماندانى ئابدۇغېنى تۇرسۇن بولۇپ، ئۇ مالىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان، ئۈچىنچى كاتىپى، مۇئاۋىن باش قوماندانى جامال مەمەت زوراۋانلارنى مەشىق قىلدۇرۇشقا مەسئۇل بولۇپ، ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلاتقا خىراجەت تەييارلاش ئۈچۈن، ئاممىنى پۇل ۋە ئاشلىق ئىئانە قىلىشقا مەجبۇرلىغان؛ يەنە سادىق ھوشۇر ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنىڭ ئارقا سەپ تەمىنات قوماندانى بولغان، ئابدۇرېھىم تۇردى ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنىڭ خەۋەرلىشىش - ئالاقىلىشىش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان، يەرلىك ئۇسۇلدا گرانات ياسىغان. مەمەت تۇردى ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنىڭ قاتناش قوراللىرىغا مەسئۇل بولۇپ، ئات - ئۇلاق سېتىۋالغان، ئەخەت تىلىۋالدى ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭچىلار بىرىنچى تۈركۈمىنىڭ قوماندانى بولغان، تۇرغۇن ئىسھاق ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭچىلار ئىككىنچى تۈركۈمىنىڭ قوماندانى بولغان، ۋەھاكازالار. مەقسەتلىك دېگەندە، ئۇلار «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇش مەقسىتىدە

بولغان، كوممۇنىستىك پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى تۇرغان، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە بۆلگۈنچىلىك سالغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغان. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغانلارغا قارشى تۇرغان، بولۇپمۇ خەنزۇلارغا قارشى تۇرغان، خەنزۇلارنى چەتكە قاققان، خەنزۇلارنى ئۆلتۈرمەكچى، خەنزۇلارنى ھەيدەپ چىقارماقچى بولغان. پىلانلىق دېگەندە، ئۇلار ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە بىر - ئىككى كۈن ئەمەس، بىر - ئىككى ئاي ئەمەس، بەلكى ئۇزاقتىن بۇيان تەييارلىق كۆرگەن، زادى قانچىلىك ئۇزۇن ۋاقىت تەييارلىق كۆرگەنلىكىنى يەنە تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشقا توغرا كېلىدۇ. قىسقىسى، ئۇلار ئۇزاقتىن بۇيان سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىپ، ئەكسىلئىنقىلابىي جامائەت پىكرى توپلىغان، قورال - ياراق، ئوق - دورا تەييارلىغان، چامباشچىلىق، ئېلىشىش مەشقى ئېلىپ بارغان، خىراجەت، ئاشلىق قاتارلىقلارنى تەييارلىغان. بىز چوقۇم بۇ قېتىمقى ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنىڭ ئېغىرلىقىنى، تەشكىللىك، مەقسەتلىك، پىلانلىق كۆتۈرۈلگەنلىكىنى تونۇۋېلىشىمىز كېرەك.

دۆلەت ئىچى - سىرتىدا مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر بارمۇ يوق، ئىچكى - تاشقى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر شىنجاڭغا نىسبەتەن ئاساسىي خەۋپمۇ ئەمەسمۇ؟ بۇ قېتىم بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ بىزگە ئىچكى - تاشقى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر مەۋجۇت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ بىزنىڭ شىنجاڭغا نىسبەتەن ھەقىقەتەنمۇ ئاساسىي خەۋپ ئىكەنلىكىنى

يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تونۇتتى. ئەگەر ئۆتكەندە بۇ مەسىلىگە بولغان تونۇشىمىز ئايدىڭ بولمىغان بولسا، ھازىردىن باشلاپ ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز كېرەك. ھازىر يەنىلا ئايدىڭلاشتۇرالمىساق، بۇ كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسلىككە سالغانلىق بولىدۇ، بۇ ياخشى ئەمەس. بىزنىڭ شىنجاڭدا ئازادلىقتىن بۇيان ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىنى قوغداش بىلەن ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش كۈرىشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش كۈرىشى ئىزچىل تۈردە مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. بۇ كۈرەش ئازادلىقتىن تارتىپ بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر توختاپ قالغىنى يوق. ھازىر ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىنى قوغداش بىلەن ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ جىددىيلىكى پەسەيگىنى يوق. ئازادلىقتىن تارتىپ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» غىچە بۇ كۈرەش داۋاملىشىپ كەلدى. ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، بۇ كۈرەش تېخىمۇ كەسكىنلەشتى، بولۇپمۇ دۆلىتىمىزدە بۇلتۇر ئالىمانچىلىق يۈز بەرگەن، بېيجىڭدا ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ يۈز بەرگەن، شەرقىي ياۋروپادا جىددىي ئۆزگىرىش بولغان، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا مىللىي مەسىلە يۈز بەرگەندىن كېيىن بۇ كۈرەش تېخىمۇ كەسكىنلەشتى.

بىز شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ناھايىتى ياخشى ئىكەنلىكىگە، پارتىيىنى، سوتسىيالىزمنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىغا، ۋەتەن-

نىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايدىغانلى-
قىغا قەتئىي ئىشىنىشىمىز كېرەك. بارىن يېزىسىدا يۈز
بەرگەن بۇ قېتىمقى ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنى
تىنجىتىش كۈرىشىدە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىر-
لىرى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەشۇنداق ئىكەنلىكى يەنە
بىر قېتىم ئىسپاتلاندى. لېكىن بىز ھەر مىللەت كادىر-
لىرى ۋە ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىغا ئىنتايىن ئاز سان-
دىكى دۈشمەنلەر، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ يوشۇرۇنۇۋال-
غانلىقىنى، ئۇلارنىڭ پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى
ئىكەنلىكىنى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلايدىغانلىقىنى،
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزىدىغانلىقىنى، مىللىي بۆلگۈن-
چىلىك ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ
مىللەت، دىن بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ھەر مىللەت خەل-
قىنى ئۆزلىرىگە ئەگىشىپ مېڭىشقا ئالدايدىغانلىقى، قايمۇق-
تۇرىدىغانلىقى ۋە مەجبۇرلايدىغانلىقىنى ئېنىق تونۇۋېلى-
شىمىز كېرەك. شۇڭا، بىز چوقۇم ئىنتايىن ئاز ساندىكى
دۈشمەنلەر، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى كەڭ ھەر مىللەت
كادىرلىرى ۋە ھەر مىللەت خەلقىدىن قاتتىق پەرقلەندۈ-
رۈشىمىز كېرەك. ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ھەر مىللەت
خەلقىگە دۈشمەنلەر. مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئالدىشى،
قايمۇقتۇرۇشى بىلەن دۈشمەنلەر، مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە
ئەگىشىپ كەتمەي، بەلكى ئۇلارغا قارشى قەتئىي كۈرەش
قىلىش ھەققىدە تەشۋىق قىلىشىمىز لازىم.

بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي تو-
پىلاڭ تىنجىتىلغاندىن كېيىن، بۇ كۈرەش ئاخىرلاشتى،
شىنجاڭ ئەمدى پۈتۈنلەي مۇقىم بولۇپ كەتتى، بارىن

يېزىسىدا يۈز بەرگەندەك ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق تو-
پىلاڭ قايتا يۈز بەرمەيدۇ، دېيىشكە بولمايدۇ. بىز باشقا
جايلاردىمۇ بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەندەك ئەكسىلئىنقىلا-
بىي قوراللىق توپىلاڭ يۈز بېرىشى، ھەتتا بارىن يېزىسى-
دا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنىڭ
دائىرىسىدىنمۇ چوڭ، خاراكتېرى تېخىمۇ ئېغىر بولغان ئەك-
سىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ يۈز بېرىشى مۇمكىن دەپ
تەھلىل قىلىشىمىز ۋە مۆلچەرلىشىمىز كېرەك. بۇنداق بو-
لۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. بۇ نۇقتىنى بىز چوقۇم
يېتەرلىك مۆلچەرلىشىمىز، بۇ جەھەتتە ئوبدان تەييارلىق
كۆرۈپ قويۇشىمىز كېرەك، مۇشۇنداق قىلغاندىلا، بىر
قەدەر تەشەببۇسكار بولالايمىز، بۇ بىزگە بىر قەدەر پاي-
دىلىق، شۇنداقلا يېڭىلمەس ئورۇندا تۇرالايمىز. چۈنكى
ھازىر خەلقئارا ۋەزىيەتتىكى ئۆزگىرىشلەرنى تەسەۋۋۇر
قىلىش تەس، جاھانگىرلارنىڭ «تىنچ يول بىلەن ئۆز-
گەرتىۋېتىش» ستراتېگىيىسى شەرقىي ياۋروپادا ئىشقا ئاش-
تى، سوۋېت ئىتتىپاقىغىمۇ تەسىر كۆرسەتتى. بۇنىڭدىن كې-
يىن، جاھانگىرلارنىڭ «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» تىكى ئاساس-
لىق نىشانى جۇڭگو بولىدۇ، جۇڭگونى «تىنچ ئۆزگەرتىۋې-
تىش» تە شىنجاڭ ئۇلارنىڭ بىر مۇھىم نۇقتىسى. بۇنىڭ-
غا بىز يۈكسەك دەرىجىدە ھوشيار بولۇشىمىز كېرەك.
ئىچكى - تاشقى دۈشمەنلەر نېمە ئۈچۈن جۇڭگودا رۇمىنى-
يىدە يۈز بەرگەن دېمىشۋارا ۋەقەسىدەك ۋەقە پەيدا قىل-
ماقچى؟ ئۇلارنىڭ مەقسىتى شىنجاڭنى قالايمىقانلاشتۇرۇش،
پۈتۈن مەملىكەتنى قالايمىقانلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. يولداش
تۆمۈر داۋامەت ئېيتقاندەك، بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن

ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانسا،
ئۇلار ئاۋۋال ئاقتو ناھىيىسى بازىرىنى ئىگىلەپ، ئاندىن
قەشقەرنى ئىگىلەپ، «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»
دېگەن بايراقنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، تەبرىكلەش يىغىنى
ئاچماقچى بولغان. بۇ بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەك-
سىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنى تىنجىتىش داۋامىدا
ئاشكارىلاندى.

مەركىزىي كومىتېت شىنجاڭغا ناھايىتى ئەھمىيەت
بەردى، ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. بارىن يېزىسىدا يۈز
بەرگەن بۇ قېتىمقى ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنى تىنجىتىش
جەريانىدا، مەركىزىي كومىتېت ئارقا - ئارقىدىن يوليو-
رۇق بەردى، جياڭ زېمىن، لى پېڭ يولداشلار مۇھىم
يوليورۇقلارنى بېرىپ قالماستىن، يەنە خىزمەت گۇرۇپپىس-
نى، قوراللىق ساقچى قىسىملىرى باش ئەترىتىنىڭ مۇئا-
ۋىن سىلىڭيۇەنى يولداش ۋاڭ ۋېنلى، جامائەت خەۋپسىز-
لىكى مىنىستىرلىكى بىرىنچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يول-
داش تەن سۇڭ چيۇلارنىمۇ ئەۋەتتى، لەنجۇ ھەربىي را-
يونىنىڭ سىياسىي كومىسسارى لى شۇەنخۇا، مۇئاۋىن سى-
لىڭيۇەنى دۇڭ جەنلىن قاتارلىق يولداشلارمۇ كەلدى.
ئۇلار بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي
قوراللىق توپىلاڭنى تىنجىتىشقا ياردەملەشتى ۋە يېتەكچى-
لىك قىلدى. شىنجاڭنى مۇقىملاشتۇرۇش مەسىلىسى شىنجاڭ-
نىلا مۇقىملاشتۇرۇش مەسىلىسى، شۇنداقلا غەربىي شىمال-
نىلا مۇقىملاشتۇرۇش مەسىلىسى بولۇپ قالماستىن، بەلكى
پۈتۈن مەملىكەتنى مۇقىملاشتۇرۇشتا مۇناسىۋەتلىك مەسىلە،
شۇڭا بۇنىڭدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك

پارتىيە كومىتېتلىرىنىڭ ناھايىتى زور مەسئۇلىيىتى بار، چوقۇم پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلىنىپ شىنجاڭنى مۇقىملاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىپ مەركىزىي كومىتېتنى خاتىرجەم قىلىش كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى قانداق قىلغاندا پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلىنىپ شىنجاڭنى مۇقىملاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلالايدۇ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە بىر نەچچە پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن:

1. يېتەكچى ئىدىيە. پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ مۇقىملاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ۋە مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ۋە پارتىيە 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4-، 5-، 6 - ئومۇمىي يىغىنلىرىنىڭ روھىنى ئوبدان ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، سوتسىيالىزمدا ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىساد، مەدەنىيەت قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماددىي، مەدەنىيەت تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇ دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىشتىكى ئەڭ ئاساسىي خىزمەت. لېكىن، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەت-

لەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىشتا كۆرەش بولمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر ئوبيېكتىپ مەۋجۇت، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىشتا، ئۇلار ئاساسىي خەۋپ، شۇڭا مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە قارشى قەتئىي كۆرەش قىلغاندىلا، ئاندىن ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ، ئۇنداق قىلمىغاندا، كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ.

2. مۇقىملاشتۇرۇشقا دائىر ئورۇنلاشتۇرۇش. شىنجاڭنى مۇقىملاشتۇرۇشتا، جەنۇبىي شىنجاڭنى مۇقىملاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. چۈنكى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بارىن يېزىسىدا ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ يۈز بەردى. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدا، مەسىلەن، قەشقەر، قاغىلىق، خوتەن، قارىقاش، ئاقسۇ، شايار ۋە توقسۇ قاتارلىق جايلىرىدىمۇ بارىن يېزىسىدا ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ يۈز بېرىشتىن ئىلگىرىكى ئەھۋالغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئالامەتلەر كۆرۈلۈۋاتىدۇ، بىز بارىن يېزىسىدىكىگە ئوخشاش ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنىڭ يەنە يۈز بېرىشىدىن قەتئىي ھوشيار بولۇشىمىز ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز كېرەك. رامىزان ئېيى تېخى ئۆتۈپ كەتمىدى. رامىزان ئېيىدا ۋە روزا ھېيت مەزگىلىدە ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ يۈز بېرىشىدىن ھوشيار بولۇشىمىز ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز كېرەك. جەنۇبىي شىنجاڭنى مۇقىملاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەشكە ئەھمىيەت بەر-

گەندىن باشقا، يەنە شىمالىي شىنجاڭنى مۇقىملاشتۇرۇش خىزمىتىگىمۇ ئەھمىيەت بېرىشىمىز، شىمالىي شىنجاڭنى مۇقىملاشتۇرۇش خىزمىتىگە سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك. ئىلگىرى بىز شەھەر بىلەن مەكتەپلەرگىلا ئەھمىيەت بېرىپ، يېزىلارغا سەل قاراپ قالدۇق، ئەمدى يېزىلارغا ئەھمىيەت بېرىمىز دەپ شەھەر بىلەن مەكتەپلەرگە سەل قارىساق بولمايدۇ، شەھەرلەرگە بولۇپمۇ مەكتەپلەرگە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. مەكتەپلەر ئوڭايلا مەسىلە كۆرۈلىدىغان سورۇن. مەركىزىي كومىتېت 4-، 5- ۋە 6- ئايلارنىڭ بىر نەچچە كۈنى ناھايىتى نازۇك كۈنلەر ئىكەنلىكىنى، ئۇ كۈنلەردە مەسىلە كۆرۈلۈش ئېھتىمالىنىڭ چوڭراق بولىدىغانلىقىنى قايتا - قايتا تەكىتلىدى. شۇڭا، ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈپ، مۇقىملاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش كېرەك.

3. بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنى تىنجىتىش جەريانىدا ھاسىل قىلىنغان تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش كېرەك. يولداش سۇڭ خەنلياڭنىڭ بۇ قېتىمقى سۆزىدە بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنى تىنجىتىش كۈرىشى دەسلەپكى قەدەمدە خۇلاسىلاپ ئۆتۈلدى، كېيىن توپىلاڭنى تىنجىتىش ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق شتابىدىكى يولداش لى شۇسەن، ھامىدىن نىياز، گوخۇەنچاڭلار ۋە ھەربىي رايون، جامائەت خەۋپسىزلىكى، قوراللىق ساقچى قىسىملىرى قاتارلىق تارماقلاردىكى يولداشلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بۇ كۈرەشنى يەنىمۇ ئەستايىدىل خۇلاسىلاپ ئۆتۈش لازىم. تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئارقىلىق،

مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە قارشى كۈرەش قىلىش تونۇشىمىزنى ئۆستۈرۈپ، توپىلاڭنى تىنچىتىش داۋامىدىكى ئارتۇقچىلىقلارنى جارى قىلدۇرۇپ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە قارشى كۈرەشنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز ۋە كاپالەتلەندۈرۈشىمىز لازىم.

4. بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭغا دائىر ئەھۋاللارنى ۋە بۇ قېتىمقى ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنى تىنچىتىش جەريانىدىكى تەجرىبىلەرنى خەۋەر قىلىش ئارقىلىق، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ھەر مىللەت ئاممىسىغا تەربىيە بېرىش كېرەك. بۇ قېتىمقى توپىلاڭ توغرىسىدىكى خەۋەرنى سىرتقا تارقىتىش ياكى تارقاتماسلىقتا كەلسەك، مەركىزىي كومىتېت بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەرنى شىنجاڭنىڭ ئۆزىنىڭ تارقىتىشىنى قارار قىلدى، بۇ خەۋەرنى مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەلق گېزىتى ئېلان قىلمايدۇ، باشقا ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرنىڭ رادىئو ئىستانسىلىرى، تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى ۋە گېزىتلەرمۇ ئېلان قىلمايدۇ. بۇ خەۋەر سىرتقا قارىتا چەكلىك دائىرىدە ئېلان قىلىنىدۇ، ئىچكى قىسىمدا كەڭ كۆلەمدە ئېلان قىلىنىدۇ، مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق ھەر مىللەت كەڭ كادىرلىرى ۋە ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى بۇ قېتىمقى توپىلاڭغا دائىر ئەھۋاللاردىن ۋە بۇ قېتىمقى ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنى تىنچىتىشنىڭ غەلىبىسى ۋە قولغا كەلگەن تەجرىبىلەردىن تولۇق خەۋەرلەندۈرۈلىدۇ. تەربىيە بېرىش ئارقىلىق، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ھەر

مىللەت خەلقىنىڭ مىللىي بولگۈنچىلەرگە قارشى كۈرىشى نى كۈچەيتىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە باشقا تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

5. دىنىي خىزمەتنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش لازىم. يېقىندا ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي ھەيئىتى يىغىنىدا دىنىي مەسىلە مۇزاكىرە قىلىنغاندا، دىنىي مەسىلە توغرىسىدا ناھايىتى ئۇزۇن سۆز قىلغانىدىم، ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، شۇ چاغدا قىلغان سۆزلىرىم يەنىلا باپ كېلىدۇ. مەن ئەمدى يەنە بىر نەچچە تۈرلۈك پىكرىمنى نۇقتىلىق ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن:

بىرىنچى، پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش لازىم. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكى بار، خەلقنى دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىققا مەجبۇرلاشقا بولمايدۇ، خەلقنى دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا مەجبۇرلىغىلىمۇ بولمايدۇ. دىنىي پائالىيەتلەر چوقۇم ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار يول قويغان دائىرىدە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. قانۇنسىز دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ، دىندىن پايدىلىنىپ ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىشقا تېخىمۇ يول قويۇلمايدۇ. قانۇنلۇق دىنىي پائالىيەت بىلەن قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتنىڭ چەك - چېگرىسىنى، قانۇنلۇق پائالىيەت ئېلىپ بېرىش بىلەن دىندىن پايدىلىنىپ ئەكسىلئىنقىلابىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشنىڭ چەك - چېگرىسىنى قات-

تىق ئايرىپ، قانۇنلۇق پائالىيەت ئېلىپ بارغانلارنى قوغـ
داش، قانۇنسىز پائالىيەت ئېلىپ بارغانلارنى قانۇن بويىـ
چە جازالاش، دىندىن پايدىلىنىپ ئەكسىلئىنقىلابىي پائالىـ
يەت ئېلىپ بارغانلارغا قەتئىي زەربە بېرىش لازىم. دۈشـ
مەنلەر بارىن يېزىسىدا دەل دىنىي نىقابقا ئورۇنـۇۋېلىپ،
دىن بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق
توپىلاڭ پەيدا قىلغان. شۇڭا ئۇلارغا چوقۇم قەتئىي زەربە
بېرىش كېرەك.

ئىككىنچى، دىنىي مەكتەپلەرنى ئاچماي بولمايدۇ، لې
كىن بەك كۆپ ئېچىشقا، كەلسە ـ كەلمەس ئېچىشقا، ئۆزـ
مەيلىگە قويۇپ بېرىشكە بولمايدۇ. ئاچقانىكەنمىز، ئۇنى
ياخشى باشقۇرۇشىمىز لازىم. قانداق قىلغاندا ياخشى باشـ
قۇرغىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭدا يەنىلا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ
رەھبەرلىكىدە، پىلانلىق، مەقسەتلىك ھالدا ياخشى باشقۇـ
رۇش كېرەك. دىنىي مەكتەپلەرنى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتـ
لار ئېچىشى لازىم، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ دىنىي مەكتەپـ
لەردىن پايدىلىنىپ، ئەكسىلئىنقىلابىي تايانچىلارنى تەربىـ
يىلەپ يېتىشتۈرۈشىگە ھەرگىز يول قويماسلىق كېرەك. بۇ
قېتىم بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قورالـ
لىق توپىلاڭنىڭ بىر مۇنچە تايانچىلىرى قاغىلىقتىكى دىنىي
مەكتەپلەردە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈلگەن. ھازىر قارىغاندا،
ئومۇمەن ئىلگىرى زەربە يېگەن، قاماق جازاسى بېرىلگەن،
ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلگەن، ياخشى ئۆزگەرمىگەن، پارتىـ
يىگە ۋە سوتسىيالىزمغا ئۆچمەنلىك ساقلاپ كەلگەن دىنىي
زاتلارنىڭ دىنىي مەكتەپ ئېچىشىغا ھەرگىز يول قويماسـ
لىق لازىم، ئۇلارنىڭ دىنىي مەكتەپ ئېچىشىغا يول قويۇش

ئىنتايىن خەتەرلىك. بۇ ناھايىتى مۇھىم بىر تەجرىبە ـ ساۋاق.

ئۈچىنچى، چەت ئەلدىن كىرگەن ۋاھابىي مەزھىبى، 12 ئىمام مەزھىبى، «كەلگەنلەرنىڭ نىيىتى دۇرۇس ئەمەس، نىيىتى دۇرۇسلار» كەلمەيدۇ دېگەندەك. شىنجاڭغا ياخشىلىق كەلتۈرمەيدۇ، ھەم شىنجاڭدىكى دىنىي مەزھەبلەرنىڭ، دىننىڭ ئىچكى زىددىيىتىنى ۋە كۈرىشىنى كۈچەيتىۋېتىدۇ، ھەم چەت ئەلدىكى دىللىي بۆلگۈنچى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ بۇ مەزھەبلەردىن پايدىلىنىلىپ شىنجاڭغا كىرىشى، دىننى نىقاب قىلىپ سىڭىپ كىرىشى، ئاغدۇرمىچىلىق ۋە بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى ئېلىپ بېرىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن بۇ مەزھەبلەرنىڭ كىرىشىگە يول قويماسلىق كېرەك، كىرگەنلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا، قانۇنسىز ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشىغا يول قويماسلىق لازىم. بولۇپمۇ بۇ مەزھەبلەردىكى دىننى نىقاب قىلىپ ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەت ئېلىپ بارغۇچىلاردىن ھوشيار بولۇش لازىم.

تۆتىنچى، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش خىزمىتىنى داۋاملىق ئوبدان ئىشلەش لازىم.

بەشىنچى، دىننى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش لازىم.

6. ئاساسىي قاتلام خىزمىتىنى، ئاساسىي قاتلامدىكى پارتىيە رەھبەرلىكىنى، ئاممىۋى خىزمەتنى، ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىش كېرەك. بارىن يېزىسىدا ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ يۈز بېرىپ، ئاساسىي قاتلام خىزمىتىمىزنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى، ئاساسىي قاتلامدا پار-

تىيە رەھبەرلىكىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى، ئاممىۋى خىزمەت-
نىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنىڭ
ئاجىز ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلاپ بەردى، بۇ خىل ئەھۋالنى
جەزمەن ئۆزگەرتىش لازىم. يېزىلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ
رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، يېزىلىق پارتىيە كومىتېتىنى ھە-
قىقىي تۈردە يېزىنىڭ رەھبەرلىك يادروسىغا ئايلاندۇرۇش
كېرەك. يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ،
يېزىلىق ھۆكۈمەتنى ھەقىقىي تۈردە نوپۇزلۇق ئاساسىي
قاتلام ھاكىمىيىتىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك. كەنت پارتىيە
ياچېيكىسىنىڭ خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ياچېيكىنى ھەقىقىي
تۈردە كەنتنىڭ جەڭگىۋار قورغىنىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك.
پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى جا-
رى قىلدۇرۇش كېرەك. مەن كادىرلارنى يېزىلارغا كۆپرەك
ئەۋەتىپ، ئاساسىي قاتلام خىزمىتىنى كۈچەيتىشنى قۇۋۋەت-
لەيمەن، رەھبىرىي كادىرلار يېزىغا كۆپرەك چۈشۈپ، ئا-
ساسىي قاتلامغا بېرىپ، نۇقتىدا تۇرۇپ، ئىنچىكە تەكشۈ-
رۈش - تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى ئىشلىشى، قوچقاچ ئو-
پېراتسىيىسى ئېلىپ بېرىپ، ئاساسىي قاتلام خىزمىتىنى ياخ-
شى ئىشلەشكە دائىر تىپىك تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىشى ۋە
ئۇنى كېڭەيتىشى لازىم.

بارىن يېزىسىدا ئەكسىلئىنقىلابىي قورallıq توپىلاڭ
يۈز بەرسە، نېمە ئۈچۈن شۇنچە كۆپ ئاممىا ئەكسىلئىنقىلاب-
چىلارغا ئەگىشىپ كېتىدۇ؟ بۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب بارىن
يېزىسىدىكى ئاممىا ئەسكى ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ ئاساسىي
قاتلام خىزمىتىمىز ئاجىز، ئاساسىي قاتلام پارتىيە رەھبەر-
لىكى ئاجىز، ئاممىۋى خىزمەت ئاجىز، تەشۋىق - تەربىيە-

يه خىزمىتى ئاجىز، بۇنىڭ بىلەن دۈشمەنگە كەڭ كۆلەمـ
ده ئەكسىلئىنقىلابىي جامائەت پىكرى پەيدا قىلىش ئىمكانىـ
يىتى توغدۇرۇپ بېرىلگەن، نەتىجىدە ئامما دۈشمەننىڭ ئالـ
دىنىشىغا، قايمۇقتۇرۇشىغا ئۇچرىغان. يېزا ـ كەنتلەردىكى
ئىدىيىۋى تەشۋىقات بازىسىنى پارتىيىمىز ئىگىلىمەستىن،
دۈشمەن ئىگىلەپ كەتكەن. بۇ بىر ئاچچىق ساۋاق. پارـ
تىيىمىز يېزا ـ كەنتلەردىكى ئىدىيىۋى تەشۋىقات بازىسـ
نى مۇستەھكەم ئىگىلىشى كېرەك. دۈشمەنلەر ئىگىلەپ كەتـ
كەنلىرىنى قەتئىي تېزدىن قايتۇرۇۋېلىش ھەمدە بۇ بازىـ
نى ھەسسىلەپ كۈچەيتىش كېرەك. ئەكسىلئىنقىلابىي تەشـ
ۋىقاتنى بازىرى يوق، ھەرمىللەت خەلقىنى ئالدىيالمايدىغان،
قايمۇقتۇرالمايدىغان قىلىۋېتىش لازىم. ھەر مىللەت خەلقى
ناھايىتى ياخشى، ئۇلار پارتىيىنى، سوتسىيالىزمنى ھىمايە
قىلىدۇ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغـ
دايدۇ، مۇھىم گەپ تەشۋىق قىلىش، ئاممىغا تەربىيە بېـ
رىشتە. بىز ۋەتەنپەرۋەرلىك، سوتسىيالىزم، ماركسىزم، لېنىـ
نىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى تەربىيىسىنى كۈچەيتىشىمىز لازىم.
بارىن يېزىسىدا ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ كۆتەرـ
گۈچىلەر «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇشنى ئوتـ
تۇرىغا قويغان، ئامما بۇنداق شوئارنى ئوتتۇرىغا قويمايـ
دۇ، پەقەت ئەكسىلئىنقىلابچىلارلا بۇنداق شوئارنى ئوتتۇرـ
غا قويىدۇ، بىز بۇ خىل ئەكسىلئىنقىلابىي شوئارنى تەنقىت
قىلىشىمىز، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش توغرىسىدا تەربىـ
يە ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم، تارىخ شۇنى ئىسپاتلىدىكى، شىنـ
جاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ
رەھبەرلىكىدە، بىرلىككە كەلگەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيـ

تى ئىچىدىلا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا
قويۇپ، سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىپ بۆگۈنكىدەك بەختلىك
تۇرمۇشقا ئېرىشتى ۋە ئەتىكى پارلاق ئىستىقبالغا ئىگە بو-
لىدۇ، ئەگەر شىنجاڭنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدىن
ئايرىپ چىقىپ، ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيى-
تى» قۇرغاندا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈگۈن-
كى بەختلىك تۇرمۇشى ۋەيران بولىدۇ، ئەتىكى پارلاق
ئىستىقبالى نابۇت بولىدۇ، بۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ
مەنپەئىتى ۋە ئورتاق ئارزۇسىغا تامامەن خىلاپ. بارىن
يېزىسىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭچىلار كۆرەڭ-
لىگەن ھالدا مىللىي قارىمۇ قارشىلىقنى، مىللىي ئۆچمەن-
لىكنى تارقىتىپ، دىندىن پايدىلىنىپ ئىسلام دىنىغا ئىشەن-
مەيدىغانلارغا قارشى تۇرۇپ، غالجىرلارچە خەنزۇلارغا ئۆچ-
مەنلىك قىلىش، قارشى تۇرۇش ۋە خەنزۇلارنى چەتكە قې-
قىش توغرىسىدا جارسالغان، بىز بۇنداق ئەكسىلئىنقىلابىي
كۆرەڭلەشنى تەنقىت قىلىشىمىز، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغ-
داش ھەققىدە تەربىيە ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك. تەجرىبىلەر
شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاق بولغاندىلا، ئاندىن
ئىقتىساد، مەدەنىيەت گۈللىنىدۇ، ھەر مىللەت خەلقى بەخت-
لىك بولىدۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىنسا ئىق-
تىساد، مەدەنىيەت مەڭگۈ ئارقىدا قالىدۇ، ھەر مىللەت خەل-
قىنى نەس باسىدۇ. كىم بىزنىڭ دۈشمىنىمىز؟ كىم ئۆز-
مىزنىڭ ئادىمى؟ قايسى مىللەتتىن بولۇشىدىن، دىنىغا ئىشە-
نىدىغان ياكى ئىشەنمەيدىغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پار-
تىيىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى تۇرىدىغان، ۋەتەننىڭ بىرلى-
كىگە بۆلگۈنچىلىك قىلىدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇ-

زىدىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى دۈشمىنىمىز، پارتىيىنى، سوتسىيالىزمنى ھىمايە قىلىدىغان، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايدىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىمىزنىڭ ئادىمى. بىر مىللەتتىن بولغانلار يەنە بىر مىللەتتىن بولغانلارنى دۈشمەن كۆرسە بولمايدۇ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغانلارنى دۈشمەن كۆرسىمۇ بولمايدۇ. ھەممە مىللەت، ھەر مىللەت خەلقى، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغانلارنىڭ ھەممىسى قېرىنداش، ھەممىسى ئۆز ئادەم، ھەممەيلەن پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدىن ئىبارەت چوڭ ئائىلىدە قەتئىي ھالدا سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىپ، يېقىندىن ئىتتىپاقلىشىپ، ئورتاق دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك.

# مىللىي بۆلگۈنچىلىك ــ شىنجاڭدىكى ئاساسىي خەۋپ

1990 - يىل 2 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 7 - سانلىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدا قىلىنغان سۆز (قىسقارتىلمىسى)

سۇڭ خەنلياڭ

## ھازىرقى مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ ئاساسىي ئىپادىلىرى

ھازىرقى مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ ئاساسەن قايسى تەرەپلەردە كۆرۈلۈۋاتقانلىقى توغرىسىدا يولداشلارنىڭ باياتىن ئېيتقانلىرىنى ئىنتايىن قۇۋۋەتلەيمەن.

(1) نۇرغۇنلىغان پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى، «شەرقىي تۈركىستان» بايرىقىنى كۆتۈرۈۋالغان بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى، جۈملىدىن مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ھەرىكەتلەر ئوبيېكتىپ ھالدا مەۋجۇت، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزىلىرى خېلى ئېغىر بولۇۋاتىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بۇ خىل پائالىيەتلەر يەنە گەۋدىلىك بولۇپ قالدى. مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە، «شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى»نى تارمار قىلىپ، ئۇلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك سۇيىقەستىنى ئېچىپ تاشلىغانىدۇق. لېكىن شەرقىي تۈركىستان

پارتىيىسىنىڭ روھى بۆلگۈنچىلىككە تېخى تۈگىگىنى يوق. شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسىنىڭ بەزى كونا ئەزالىرى يەنىلا داۋاملىق ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ، شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسىنىڭ يېڭى ئەزالىرى داۋاملىق پەيدا بولۇۋاتىدۇ. ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستانچى ياشلار پارتىيىسى» — شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسىنىڭ ئىزباسارى ئەۋلادى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شۇ ئىش تاپقۇچىلار تۈرلۈك سۇيىقەستلىك - بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى. بىز بۇنىڭغا يۈكسەك دەرىجىدە ھوشيار بولۇشىمىز كېرەك. ھازىرقى شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى ئەسلى قېلىپتىكى شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئىپادىلىنىش شەكلى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ مەقسىتى بۆلگۈنچىلىك قىلىش، مۇستەقىللىق ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىش. غەرب دۆلەتلىرى «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» نى يولغا قويۇشتا، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىگە قارشى تۇرۇش، كۆپ پارتىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇش نامىدا ئوتتۇرىغا چىقتى. بىز شۇنى چەتكە قاقالمايمىزكى، شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسىمۇ مەلۇم كىلىمات ۋە شارائىتتا ئوتتۇرىغا سەكرەپ چىقىپ، كومپارتىيە بىلەن رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تالىشىشى مۇمكىن. قىسقىسى، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى ئوبيېكتىپ مەۋجۇت، شۇڭلاشقا بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۆرەشنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىش كېرەك.

(2) ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە بەزى كىشىلەر مىللىي بۆلگۈنچىلىك پىكىر ئېقىمىنى تارقاتقاچقا، جەمئىيەتتىكى مەلۇم ساندىكى كىشىلەر ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى، بە-

زى ئۇرۇنلار، بەزى كىشىلەر ئۇنىڭ تەسىرىگە خېلىلا ئې-
غىر ئۇچرىدى، ھەتتا ئاز ساندىكى كادىرلىرىمىزمۇ بۇنىڭ
تەسىرىگە ئۇچرىدى. مۇشۇنداق جامائەت پىكىرلىرى ئال-
دىدا، بەزى كىشىلەر ئۇنى مەردانىلىك بىلەن چەكلىمەي
ۋە تەنقىد قىلماي، ھەتتا مۇرەسسەچىلىك ئۇسۇلىنى قول-
لىنىپ، كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سالدى. كۆزگە چېلىقىپ تۇر-
سىمۇ كارى بولمىدى، بۇمۇ بىر ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بو-
لۇپ تۇرغان ئەھۋال. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىدېئولوگىيە سا-
ھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسى جەمئىيەتتىكى بەزى
كىشىلەرگە قارىتا ئاستا - ئاستا سىڭىش رولىنى ئوينا-
ۋاتىدۇ. بۇ — بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىنىڭ ئىدىيىۋى
ئاساسى. بۇ ئىدىيىۋى ئاساسنىڭ شەكىللىنىشىگە قارىتا بىزدە
يېتەرلىك تونۇش بولۇشى لازىم.

(3) دىنىي خىزمەتتە كاۋاكلار كۆپ، دائىم دېگۈدەك
مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر ئۇنىڭدىن پايدىلىنىۋاتىدۇ.

بىز دىنىي جەھەتتە ئورغۇنلىغان خىزمەتلەرنى ئىش-
لىدۇق، مەلۇم نەتىجىلەرگىمۇ ئېرىشتۇق. زور كۆپ سان-
دىكى دىنىي زاتلار ۋەتەننى سۆيىدۇ، سوتسىيالىزمنى،
كومپارتىيىنى ھىمايە قىلىدۇ، بۇ ئاساسىي ئېقىم. لېكىن
دىنىي باشقۇرۇش خىزمىتىدە ھەقىقەتەن بىر مۇنچە كا-
ۋاكلار ساقلىنىۋاتىدۇ، بىر قىسىم دىنىي زاتلارنىڭ، بو-
لۇپمۇ ياش دىنىي خادىملارنىڭ پېشقەدەم دىنىي زاتلار-
غا ئوخشاش پارتىيىنى، سوتسىيالىزمنى ھىمايە قىلىشى
ناتايىن. بەزى كىشىلەر دائىم بىر خىل قانۇنلۇق شەكىل
ئارقىلىق بىز بىلەن كۈرەش قىلىدۇ. ئۇلار كۈرەشنىڭ
مەركىزىي نۇقتىسىنى كېيىنكى ئەۋلادلارنى قولغا كەلتۈ-

رۇش، دىنىي ئۇسۇل ئارقىلىق كېيىنكى ئەۋلادلارغا سـ
لىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى سىڭدۈرۈشكە قويۇۋاتىدۇ.

**هازىرقى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى ئالدىدا بىز قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ مېنىڭچە، ئىككى ئىشنى تۇتۇش كېرەك.**

بىر قولدا، ئالدى بىلەن، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك. ئۆتكەن يىل 3 - ئايدا بىز كۈچ تەشكىللەپ بىر قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرگە قارىتا، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلدۇق. بىز ھەقىقەتەن پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىشىغا موھتاج. ئىككىنچىدىن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى بىر يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈش كېرەك. يولداش ۋاڭ ئېنماۋنىڭ خوتەندە قىلغان سۆزىدىكى ئون ماددىنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈشنىڭ ئومۇمىي تەلىپى قىلىپ، ئۇنى ماددىمۇ ماددا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، دىنىي سىياسەتنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ياخشى ھەل قىلىش كېرەك. مەسىلەن، دىنىي مەكتەپنى بىزنىڭ يولىمىزغا چۈشۈرۈشىمىز، بىر يۈرۈش ئۇسۇللارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ يەنىمۇ تەتقىق قىلىشىمىز ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز كېرەك.

يەنە بىر قولدا، مىللىي، دىنىي خىزمەتتە ساقلىپ

ئىشۋاتقان مەسىلىلەرگە قارىتا، قاراتمىلىقى بولغان ھالدا تەدبىر قوللىنىشىمىز كېرەك. بىرىنچىدىن، مىللىي بۆلگۈنچىلىك، بۆزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قارىتا، مەيدانىمىز مۇستەھكەم، بايرىقىمىز روشەن ھالدا كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك. مىللىي بۆلگۈنچىلىك، بۆزغۇنچىلىق ھەرىكىتىنى ئېلىپ بارغانلارنى قەتئىي پاش قىلىش ۋە ئۇلار بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلىش كېرەك. قەتئىي پاش قىلىنغان ۋە كۈرەش قىلىنغاندىلا ئامما تەربىيىگە ئىگە بولالايدۇ، بىزنى ھىمايە قىلىدۇ. بۆلگۈنچىلەرمۇ ھەرىكەتتىن ئۆزىنى تارتىدۇ. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىدىيىسىدە بۇ ئايدىڭ بولۇشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دىكتاتۇرا ئورگانلىرى خىزمەتلىرىنى كۈچەيتىپ، زەربە بېرىشكە تېگىشلىكلىرىگە زەربە بېرىشى، ھەرگىزمۇ يۇمشاق قوللۇق قىلماسلىقى كېرەك. ئىككىنچىدىن، ئىدىيولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىك پىكىر ئېقىمىنى قاراتمىلىقى بولغان ھالدا ئېنىقلاپ چىقىش ۋە ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىش كېرەك. مەدەنىيەت - سەنئەت، ئىدىيە - نەزەرىيە ساھەسىدە كۆرۈلگەن خاتا نەرسىلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ۋە ئېنىقلاش، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەردە باشقۇرۇشنى تېخىمۇ كۈچەيتىش، ئۇنىڭ پەيدا بولۇشىغا ھەرگىزمۇ يول قويماسلىق كېرەك. يەنە بىر جەھەتتىن، يۇقىرى سەۋىيىلىك ماقالە، دوكلات، سۆزلەرنى يېزىپ چىقىپ ئامما ئارىسىدا كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىپ، ئۇنىڭ تەسىرىنى تازىلاش كېرەك. كادىرلارنى، ئاممىنى ماركسىزملىق مىللەت قاراش تەربىيىسىگە ئىگە قىلىش كېرەك. بۇ مۇشۇ-

كۆل ھەم ئىنتايىن مۇھىم خىزمەت. ئۈچىنچىدىن، دىنىي جەھەتتە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرگە قارىتا خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. دىنىي خىزمەت ياخشى ئىشلەنسە، جەمئىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. ياخشى ئىشلەنمىسە مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە دەستەك، نىقاب بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭدىكى تۈپ مەسىلە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش. دىنىي باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش، خادىملارنى، ئاپپاراتلارنى كۈچەيتىش ۋە تولۇقلاش كېرەك. يولداش ۋاڭ ئېنماۋ ئوتتۇرىغا قويغان بىر قانچە مەسىلىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش، ئۇسۇل-چارىلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. مەسىلەن، ھەجگە بېرىش مەسىلىسى، دىنىي مەكتەپ قۇرۇش مەسىلىسى، مەسچىت قۇرۇش مەسىلىسى، چەتئەلگە ئوقۇغۇچى چىقىرىش مەسىلىسى، يېزىلاردا دىننىڭ پىلانلىق تۇغۇتقا، سىياسەتكە، مائارىپقا ئارىلىشىۋېلىشى مەسىلىلىرىگە قارىتا چوقۇم تەدبىر قوللىنىپ، ھەقىقىي تۈردە ھەل قىلىش كېرەك.

بۇ ئۈچ جەھەتتىكى مەسىلە ھەل قىلىنسا، غەرب دۆلەتلىرىنىڭ مىللەت، دىن ئارقىلىق «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» ستراتېگىيىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىنچىلىكى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەيدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ خىزمەتلەرنىڭ ئۈنۈمىنى بىر ئەتىگەندىلا كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس، بىز ھازىردىن باشلاپلا بۇ خىزمەتنى تۇتۇشىمىز، بىر قولدا سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇشىمىز، بىر قولدا بۆلگۈنچى كۈچلەرگە قاتتىق كۆرەش قىلىشنى تۇتۇشىمىز كېرەك.

يوشۇرۇن ئاپەتنى تۈگىتىپ، مۇقىملىقنى ئەمەلگە ئا-
شۇرۇشتا، ئاممىغا قەتئىي ئىشىنىش ۋە ئاممىغا تايىنىش، ئاممىۋى لۇشيەندە مېڭىش، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرگە قارشى تۇرۇپ «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» تىكى يوشۇرۇن ئاپەتنى تۈگىتىش كېرەك، ئاممىغا ئىشەنگەن، ئاممىغا تايانغاندىلا بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

بۇ يىل بىرقانچە ئۈنۈملۈك تەدبىر بولۇشى كېرەك:

(1) كادىرلار ۋە ئاممىنى، جۈملىدىن كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر، پارتىيە ئەزالىرى، ئىتتىپاق ئەزالىرى، ئوقۇغۇچىلار ۋە شەھەر ئاھالىلىرىنى تەشكىللەپ، مەلۇم تەشكىلىي شەكىلدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىش كېرەك.

(2) پىلانلىق، قەدەم - باسقۇچلۇق ھالدا تەربىيە ئېلىپ بېرىش كېرەك. ۋەزىيەت تەربىيىسى، ماركسىزم - لېنىنىزملىق مىللەت قاراش تەربىيىسى، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش ۋە «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش»كە قارشى تۇرۇش تەربىيىسى ئارقىلىق، مېڭىنى قوراللاندۇرۇپ، كەڭ كادىرلار، پارتىيە ئەزالىرى، ئىتتىپاق ئەزالىرى، ئامما، ئوقۇغۇچىلار ۋە شەھەر ئاھالىلىرىنى ھەق - ناھەقنى ئايرىش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىش كېرەك. 2- ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» سۇيىقەستىنى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنى ئاساسىي تېما قىلىپ بىر قېتىم دوكلات يىغىنى ئۇيۇشتۇرماقچى.

(3) ھەرقايسى ئاممىۋى تەشكىلاتلاردىن يەنى ئىش-

چىلار ئۇيۇشمىسى، ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى، پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، يازغۇچىلار جەمئىيىتى قاتارلىق بارلىق ئاممىۋى تەشكىلاتلاردىن ئۆزىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇپ، تەشۋىقات خىزمىتىنى، سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش تەلەپ قىلىنىدۇ.

(4) مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى تەدرىجىي ھالدا قانۇنچىلىق يولىغا چۈشۈرۈش كېرەك. خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ، سىياسىي كېڭەشنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، قانۇنچىلىق ئۇسۇلى ئارقىلىق بۆلگۈنچى كۈچلەر بىلەن بولغان كۈرەشنى قانات يايدۇرۇش كېرەك. خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە سىياسىي كېڭەش پارتگۇرۇپپىلىرىنىڭ ۋەزىپەتنى مۇقىملاشتۇرۇش، مىللىي بۆلگۈنچىلىك بىلەن بولغان كۈرەشنى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ. سىياسىي كېڭەشنىڭ كۈندىلىك ئىشلار تەرتىپىگە كىرگۈزۈشى كېرەك. كۆپچىلىك بىر مەسىلىگە دىققەت قىلىشى كېرەككى، مەيلى شەرقىي ياۋروپا ياكى سوۋېت ئىتتىپاقىدا بولسۇن، ئۇلارنىڭ پارلامېنتى بىرقەدەر چاتاق نەرسە. بىزدە مۇنداق مەسىلە يوق، بىز قانۇن چىقىرىش ئورگانلىرىنىڭ پايدىلىق شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، قانۇنچىلىق ئۇسۇلى ئارقىلىق بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش قىلىشىمىز، «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» كە قارشى كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ، سىياسىي كېڭەشنىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىز، ئۇلارنى توغرا ئىدىيە بىلەن قوراللاندۇرۇشىمىز، يو-

قىرى بىلەن تۆۋەننىڭ قەدىمىنى، ھەرىكىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. بۇ ئىنتايىن مۇھىم.

(5) تۈپ مەسىلە — پارتىيە رەھبەرلىكىنى، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش. بۇ يىل پارتىيە رەھبەرلىكى ئومۇمىي ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىشتا ئەڭ گەۋدىلىنىدۇ. پارتىيە قۇرۇلۇشى ئومۇمىي ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى بۇ ئاساسىي تېمىنى ئەڭ مۇھىم ئىشلار كۈن تەرتىپىگە كىرگۈزۈشى كېرەك. پارتىيە قۇرۇلۇشىدا پارتىيە تەشكىلىنى چىڭىتىش، ئىنتىزامنى چىڭىتىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكوملار ئالدىدا مەسئۇل بولۇشى كېرەك. پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق ئومۇمىي ۋەزىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. نامۇۋاپىق بولغان تەشكىلاتلار ۋە رەھبەرلەرنى، زۆرۈر بولغاندا، تەڭشەش ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇش كېرەك. پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى قەتئىي، كۈچلۈك بولغاندىلا، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇشتا يادرولۇق رول ئوينىيالايدۇ. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى يادرولۇق رول ئوينىسىلا، بىز قوللانغان سىياسەت، تەدبىرلەرنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

# مۇقىملاشتۇرۇش خىزمىتىنى قەتئىي تەۋرەنمەستىن داۋاملىق ياخشى تۇتايلى

(يولداش سۇڭخەنلياڭنىڭ 1990 - يىل 3 - ئاينىڭ 27- كۈنى سۆزلىگەن «پارتىيىنىڭ 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئاساسىي روھى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدا بۇ يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ھەققىدىكى دەسلەپكى پىكىر» نىڭ 2 - قىسىم 3 - تارمىقى)

بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى مەركىزىي كومىتېتنىڭ يوليورۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن، كۆپ قېتىم دائىمىي ھەيئەت يىغىنى ئېچىپ، ۋەزىيەتنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىپ، مۇقىملىقنى مەركەز قىلغان ھالدا تۈرلۈك خىزمەتلەرنى مۇھاكىمە قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى. 2 - ئاينىڭ باشلىرىدىن باشلاپ، مەركىزىي كومىتېتنىڭ تەلىپى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىدىكى ئاساسلىق رەھبىرىي يولداشلار ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، نۇقتىدا تۇرۇپ قۇچقاچ ئوپېراتسىيىسى ئېلىپ بېرىپ، جايلار، تارماقلاردىكى يولداشلار بىلەن بىرلىكتە،

زېھنى كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ مۇقىملاشتۇرۇش خىزمىتىنى تۇتتى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى، خەلق ھۆكۈمەتلىرىدىكى رەھبىرىي يولداشلارمۇ ئاساسلىق زېھنى كۈچىنى مۇقىملاشتۇرۇش خىزمىتىنى تۇتۇشقا مەركەزلەشتۈردى. ھازىر ئاپتونوم رايونىمىز مىقياسىدا پۈتۈن پارتىيە، پۈتكۈل جەمئىيەت مۇقىملىقنى تۇتىدىغان ۋەزىيەت ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى، تىنچ، ئىتتىپاق بولۇشتەك سىياسىي ۋەزىيەت يەنىمۇ مۇستەھكەملەندى ۋە راۋاجلاندى.

بۇ قېتىمقى 6 - ئومۇمىي يىغىندا، مەركىزىي كومىتېتتىكى رەھبىرىي يولداشلار بىزدىن نۆۋەتتىكى ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەتتە، تىنچ شارائىتتا خەۋپ - خەتەرنى ئويلاپ مېڭىنى سەگەك تۇتۇپ، تىرىشىپ ھەر قانداق بىخۇتلۇق ئىدىيىسىدىن ساقلىنىپ، كۈچلۈك تاقابىل تۇرۇش سىياسىتى ۋە تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ مۇقىملاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇشنى تەلەپ قىلدى. مەركىزىي كومىتېت چېگرا جايلاردىكى شىنجاڭ قاتارلىق مىللىي رايونلارنىڭ مۇقىملىقىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. بۇ قېتىمقى يىغىن مەزگىلىدە مەركىزىي كومىتېت مەخسۇس چېگرىغا جايلاشقان ئازسانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ سۆھبەت يىغىنىنى ئاچتى، يولداش جياڭ زېمىن مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇنىڭ سۆزىنىڭ مەركىزىي مەزمۇنى مىللىي رايونلارنىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، چېگرا رايونلاردا مۇقىم ۋەزىيەتنى ساقلاشتىن ئىبارەت. بۇ يىل 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەنىنىڭ «سوۋېت

ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى فېۋرال ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئەھۋالى ۋە بىزنىڭ پوزىتسىيىمىز توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»دا ئېنىق قىلىپ مۇنداق كۆرسىتىلدى: «سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن تۇتىشىدىغان چېگرا رايونلاردا، بولۇپمۇ شىنجاڭ، ئىچكى موڭغۇلغا ئوخشاش ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا مەركەزنىڭ تۈرلۈك سىياسەتلىرىنى داۋاملىق ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك، ئالاقىدار پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى ھوشيارلىقىنى ئۆستۈرۈشى، يۈز بېرىۋاتقان ۋەقەنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشقا دىققەت قىلىشى، زۆرۈر تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ۋەقەلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان چېگرا سودىسىنى ۋە بەزى باردى - كەلدى ئىشلارنى داۋاملىق ئېلىپ بېرىشقا بولىدۇ، لېكىن رەھبەرلىكنى ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، بەك قىزىپ كېتىش، ھەتتا تىزگىنلىيەلمەسلىك ئەھۋاللىرىنىڭ كۆرۈلۈشىدىن ساقلىنىش كېرەك.» شۇڭا، بىز 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرغاندا، مەركىزىي كومىتېتنىڭ مۇقىملىقنى تۇتۇش توغرىسىدىكى بىر قاتار مۇھىم يوليورۇقلىرىغا بىنائەن، ئالدىنقى بىر باسقۇچتا ئىشلىگەن خىزمەتلىرىمىز ئاساسىدا، مۇقىملاشتۇرۇش خىزمىتىنى قەتئىي تەۋرەنمەستىن داۋاملىق ياخشى تۇتۇشىمىز كېرەك.

شىنجاڭدا مۇقىملاشتۇرۇش خىزمىتىنى تۇتۇشتا، يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتە تۆۋەندىكى مۇنداق بىر نەچچە مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش لازىم:

بىرىنچى، «شەرقىي تۈركىستان» مۇستەقىللىق بايرى-

قىنى كۆتۈرۈۋالغان ئىچكى ـ تاشقى بۆلگۈنچىلىك كۈچ ـ لىرىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا تەسىر يەتكۈزۈۋاتقان ئاساسىي خەۋپ ئىكەنلىكىنى سەگەك ـ لىك بىلەن تونۇۋېلىشىمىز لازىم. بىزنىڭ بۇنداق دېيىشى ـ مىز نىشانسىز ئوق ئاتقانلىق ئەمەس، بەلكى، تولۇق ئا ـ ساسقا ئىگە. بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى ئوبيېكتىپ مەۋجۇت. شىنجاڭدا بۆلگۈنچىلىك بىلەن بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈ ـ رەش ئەزەلدىن توختاپ قالغان ئەمەس، بەزىدە كەسكىن ـ لىشىپ كەلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، خەلقئارا چوڭ كىلىماتنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبە ـ رلىكىنى ئاغدۇرۇش، سوتسىيالىزمنى ئاغدۇرۇش ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش مەقسەت قىلىنغان نەق ئەكسىلئىنقى ـ لابىي ھەرىكەتلەر باش كۆتۈرۈپ قالدى، «مىللىي مۇستە ـ قىللىق دەۋاسى قىلىشقا قۇترىتىدىغان سىياسىي دېلولار كۆپىيىش يۈزلىنىشىنى ئالدى. بۇرۇن كەڭچىلىك بىلەن بىرتەرەپ قىلىنغان ياكى قاماق مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەن ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلات ئەزالىرى مەسىلەن، «مەدەنى ـ يەت زور ئىنقىلابى»دا مەنئىي قىلىنغان «شەرقىي تۈركىس ـ تان پارتىيىسى»نىڭ بەزى ئەزالىرى قايتىدىن باش كۆتۈ ـ رۈپ، پۇرسەت ئىزدەپ ھەرىكەت قىلماقتا؛ بولۇپمۇ يېڭى ـ دىن ئۇيۇشقان بەزى ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلاتلار تە ـ شكىلى ۋە پروگراممىسى بولغان ھالدا ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش يولىدا سىياسىي سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارماقتا. «شەرقىي تۈركىستان» مۇستەقىللىكىنى تەر ـ غىپ قىلىدىغان شۇئارلار، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە زەھەر ـ خەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىدىغان ئەكسىيەتچىل شوئار ـ

لار، تەشۋىق ۋەرەقلىرى، چوڭ - كىچىك خەتلىك گېزىتلەر پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كۆرۈلمەكتە. مەر- كىزىي كومىتېتنىڭ رەھبىرىي يولداشلار بۇ جەھەتتە بىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ شىنجاڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا چەل ئەلدە ئەي- سا قاتارلىق بۆلگۈنچى كۈچلەر بار، دېدى ھەمدە بىزنىڭ بايرىقىمىز روشەن ھالدا بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي كۈرەش ئېلىپ بېرىشىمىزنى تەلەپ قىلدى. بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىش ئىچكى - تاشقى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ئېلىمىزدە سىڭىپ كىرىش ۋە ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكىتى ئېلىپ بې- رىشتىكى بىر تۈرلۈك ۋاسىتىسى. شۇڭا، بۆلگۈنچىلىك قى- لىش بىلەن بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ئۇزاق مۇددەتلىك بولىدۇ. بۇنى سەگەكلىك بىلەن تونۇۋېلىشىمىز ۋە بۇ جەھەتتە تولۇق تەييارلىق كۆرۈشىمىز لازىم.

ئىككىنچى، بۆلگۈنچىلىك بىلەن بۆلگۈنچىلىككە قار- شى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش —سىياسىي كۈرەش. ئۇ مىللىي مەسىلە ئەمەس، دىنىي مەسىلىمۇ ئەمەس. بۆل- گۈنچى كۈچلەر «شەرقىي تۈركىستان» مۇستەقىللىك باي- رىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، شىنجاڭنى ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ قوينىدىن ئايرىۋېتىشنى مەقسەت قىلغان ئەكسىيەتچى سىيا- سىي كۈچلەر بولۇپ، ئۇلار ئىنتايىن ئاز سانلىق كىشى- لەردۇر. ئۇلار ھەم ھەر مىللەت خەلقىغە ۋەكىللىك قىلال- مايدۇ، ھەم ئاز سانلىق مىللەت خەلقىغە ۋەكىللىك قى- لالمايدۇ. بىز بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتا، ۋەتەننىڭ بىر- لىكىنى پارچىلايدىغان ئىنتايىن ئاز ساندىكى دۈشمەن كۈچلەرگە قارشى بايرىقىمىز روشەن ھالدا كۈرەش قىلى-

شىمىز كېرەك. بۇ ھەرگىز قايسى بىر مىللەتكە قارىتىلغان ئەمەس. ئاز سانلىق مىللەتلەرگە تېخىمۇ قارىتىلغان ئەمەس.

ئۈچىنچى، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن، شۇنداقلا ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن. ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا رايونىدا ئەۋلادمۇ ئەۋلاد تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەن شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقى ئەزەلدىن بۆلگۈنچىلىككە قەتئىي قارشى تۇرۇپ كەلگەن، ئۇلار مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى توغداش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش يولىدا ئۆچمەس تۆھپە ياراتتى. بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭدا ۋە پۈتۈن مەملىكەتتە تىنچ - ئىتتىپاق بولۇشتەك چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشىمۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتتە، بىز بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ غەلىبىسىنى قولغان كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ھەر مىللەت كادىرلىرى، ئاممىسىغا، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى، ئاممىسىغا بۇرۇنقىدەكلا ئىشىنىشىمىز ۋە تايىنىشىمىز كېرەك. ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ كۆڭلى تىنچلىقنى خالايدۇ، ئۇلار پارتىيىنى، سوتسىيالىزمنى، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى قىزغىن سۆيىدۇ. ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئىسىل ئەنئەنىسىگە ئىگە. ئۇلار ئىلگىرى بۆلگۈنچىلىككە قارشى ئاسا

سىنى قوشۇن بولغان، ھازىر ھەم بۇنىڭدىن كېيىنمۇ يەنىلا بۆلگۈنچىلىككە قارشى ئاساسىي قوشۇن بولىدۇ. بۇ نۇقتىدىن بىز ھەر قانداق چاغدا تەۋرەنمەسلىكىمىز كېرەك.

تۆتىنچى، بۆلگۈنچىلىك بىلەن بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى مىللىي مەسىلە ئەمەس، شۇنداقلا دىنىي مەسىلىمۇ ئەمەس. لېكىن، دۆلىتىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى ناھايىتى ئاز ساندىكى بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار، ئۆزلىرىنىڭ بۆلگۈنچىلىك سېلىش سۇيىقەستىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، كۆپ ھاللاردا مىللىي، دىنىي بايراقنى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ. شۇڭا، بىز بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشتە جەزمەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشىمىز كېرەك. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش، پارتىيىنىڭ تۈرلۈك مىللىي سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان مەسىلىلەرنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا ئوبدان ھەل قىلىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى ۋە دىنىي پائالىيەتلەرنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، دىنىي زاتلارنى ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى نورمال دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم، بۆلگۈنچىلەرگە پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بەرمەسلىك كېرەك.

يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتە يۇقىرىقى مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرىۋالغاندىلا، ئاندىن بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشكە قەدەم بىردەك بولغان ھالدا رەھبەرلىك قىلالايمىز ۋە ئۇنىڭ غەلىبىسىنى قولغا

كەلتۈرەلەيمىز. نۆۋەتتە، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېت-
لىرى، خەلق ھۆكۈمەتلىرى، جايلار، تارماقلار قەتئىي تەۋ-
رەنمەي مەركىزىي كومىتېتنىڭ يولىيورۇقى ۋە ئاپتونوم
رايونلۇق پارتىيە كومىتېتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە،
مۇقىملاشتۇرۇشنىڭ تۈرلۈك تەدبىرلىرىنى ھەقىقىي ياخشى
تۇتۇپ ۋە تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تېخىمۇ ئەمەلىيلەش-
تۈرۈپ، ئىش چىقماسلىق، چوڭ ئىش چىقماسلىقنى تىرىشىپ
ئىشقا ئاشۇرۇپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاش-
تۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. مۇقىملىقنى
تۇتۇش ۋاقىتلىق تەدبىر ئەمەس. مۇقىملىقنى ئۇزاق مۇد-
دەت تۇتۇش ئىدىيىسىنى تىكلەش كېرەك. ئۇزاق مۇددەت
ئامان - ئېسەن بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلغاندىلا،
ئاندىن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات
ئىشلىرى ئۈچۈن تەدرىجىي ھالدا بىر ياخشى ئىجتىمائىي
مۇھىت ياراتقىلى بولىدۇ.

# ئاقتۇ ناھىيىسى بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنىڭ تىنجىتىلىش ئەھۋالى توغرىسىدا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش

— ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيىلىك كادىرلار يىغىنىدا قىلغان سۆز

**سۇڭ خەنلياڭ**

(1990 - يىل 4 - ئاينىڭ 21 - كۈنى)

يولداشلار:

4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ بارىن يېزىسىدا ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئەكسىلئىنقىلابىي زوراۋانلار دىن بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەيدىغان بەزى ئاممىنى ئالداپ ۋە مەجبۇرلاپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش، خەلق ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇش مەقسىتى قىلىنغان ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ قوزغىدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ۋە مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈ-

مىتى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ۋە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ئورۇنلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە، جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر - ساقچىلىرى، قوراللىق ساقچى قىسىملىرى ۋە ئازادلىق ئارمىيە، بىڭتۇەن، شۇنىڭدەك يەرلىك خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، بۇ ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنى بىر يولىلا تىنجىتىپ، بىرئۈچۈم ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ جىنايى سۈيىقەستىنى ئۇزۇل - كېسىل بىت - چىت قىلىپ، توپىلاڭنى تىنجىتىش كۈرىشىنىڭ ھەل قىلغۇچ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، خەلق ھاكىمىيىتىنى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداپ قالدۇق.

4 - ئاينىڭ 6 -، 7 - كۈنى بىز ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالتە چوڭ رەھبەرلىك بەنزىسىدىكىلەرگە ۋە نازارەت دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلارغا شۇ چاغدىكى بەزى ئەھۋاللارنى قىسقىچە ئۇقتۇرغانىدۇق، يېرىم ئايلىق جىددىي خىزمەت ئارقىلىق، توپىلاڭنى تىنجىتىش خىزمىتى ئۈزلۈكسىز ھالدا چوڭقۇرلۇققا قاراپ تەرەققىي قىلدى، ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنىڭ پۈتۈن جەريانى ۋە ھەقىقىي ئەھۋالى بارغانسېرى ئايدىڭلاشماقتا. كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىغا ۋەقەنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ۋاقتىدا بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بۈگۈن ئاپتونوم رايونلۇق ئىدارىلەردىكى پارتىيىلىك كادىرلار يىغىنىنى چاقىرىپ، مېنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىغا ۋەكالىتەن، كۆپچىلىككە ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىن-

قىلابىي قوراللىق توپىلاڭنىڭ تىنجىتىلىش ئەھۋالىنى يەنە بىر قېتىم ئۇقتۇرۇشۇمنى قارار قىلدى.

## 1. بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۇنى تىنجىتىش جەريانى

بارىن يېزىسى ئاقتۇ ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 17 كىلومېتىر كېلىدۇ. كۆلىمى 1087 كۋادرات كىلومېتىر، يېزا قارىمىقىدا 14 مەمۇرىي كەنت، 63 تەبىئىي كەنت بار، جەمئىي 19 مىڭ 659 نوپۇس بار. ئىنتايىن ئاز ساندىكى بۇزۇق كىشىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىشى ۋە پاراكەندىچىلىك سېلىش تۈپەيلىدىن، ئازادلىقتىن كېيىن، بۇ يېزىدا كۆپ قېتىم غەۋغا تېرىش ۋەقەسى يۈز بەرگەن. 1950 - يىلى 7 - ئايدا، سابىق بارىن 7 - رايونى 2 - يېزىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ھېكىم تاش پومېشچىك، زومىگەرلەر بىلەن تىل بىرىكتۇرۇپ، ئادەم توپلاپ دېھقانچىلىق بېجى ئېلىشقا قارشى تۇرۇپ، غەللە - پاراق ئالغۇچى كادىرلىرىمىزدىن كۆپ كىشىنى ئۇرۇپ يارىدار قىلغان، ئاشلىق توشۇۋاتقان ئاپتوموبىلنى توسقان، شۇ ۋەجىدىن ھېكىم تاشقا قانۇن بويىچە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن. 1968 - يىل 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى سابىق بارىن گۇڭشېسىدىكى ئېزىز ئوسمان باشچىلىقىدىكى ئاممىۋى تەشكىلات 300 دىن كۆپ ئادەمنى توپلاپ، ناھىيىلىك خەلق قوراللىق كۈچلىرى بۆسىغا بېسىپ كىرىپ، قورال - ياراق، ئوق دورا بۇلىغان. شۇ يىلى 8 - ئاينىڭ

20 - كۈنى سابىق بارىن گوڭشېسى ئىنقىلابىي كومىتېتى نىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مەمەت ئەيسا قايمۇققان 700 دىن ئارتۇق ئادەمنى قۇترىتىپ ناھىيىلىك خەلق قورالىق كۈچلىرى بۆلۈمىگە يەنە بىر قېتىم بېسىپ كىرىپ، قورال - ياراق، ئوق - دورا بۇلاپ، ئالتە ئادەم ئۆلگەن، 47 ئادەم يارىدار بولغان «20 - ئاۋغۇست» ۋەقەسىنى پەيدا قىلغان. يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان، غەرب ئەللىرى «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» ستراتېگىيىسىنى جىددىي يولغا قويۇشقا باشلىدى، ئىچكى - تاشقى بىر ئوچۇم بۆلگۈنچى كۈچلەر غالجىرلىق بىلەن سىڭىپ كىرىش، بۆزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكىتى ئېلىپ باردى، شەرقىي ياۋروپا ئەللىرىدە بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدا جىددىي داۋالغۇش يۈز بەردى. خەلقئارادىكى چوڭ كىلىمات بىلەن مەملىكەت ئىچىدىكى كىچىك كىلىماتنىڭ تەسىرى ئاستىدا، بارىن يېزىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغان ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئەكسىيەتچىلەر دىننى نىقاپ قىلىپ، ۋەتەننى پارچىلاش يولىدا ھەدەپ سۇيىقەستلىك ھەرىكەت ئېلىپ بېرىپ، تىغ ئۇچىنى پارتىيە رەھبەرلىكىگە، سوتسىيالىزمغا، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ھازىرقى سىياسەتلىرىگە قاراتتى، ئاخىرى 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگە كەلگەندە ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ قوزغىدى.

1) بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ پىلانلىق، تەشكىللىك، مەقسەتلىك ھالدا قوزغىلىلغان.

(1) ئەكسىلئىنقىلابىي جامائەت پىكرى پەيدا قىلىش. بۇلتۇرلا ئىنتايىن ئاز ساندىكى بۇزۇق كىشىلەر مەسچىتتە ناماز ئۆتەش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، جامائەتنى بو-

لۇپمۇ ياشلارنى دىنني ئەسەبىيىلىككە قۇترىتىپ، ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ئېلىپ بارغان. ئۇلار «بىز سوتسىيالىزىمغا ئىشەنمەيمىز»، «بىز سوتسىيالىزمغا قارشى تۇرىمىز»، «ئىلگىرى ماركسىزم ـ لېنىنىزم دىننى يىيىپ كەلدى، ئەمدى دىن ماركسىزم ـ لېنىنىزمنى يىيىشى كېرەك» دەپ جار سالغان. ئۇلار ئاشكارا ھالدا قۇتراتقۇلۇق قىلىپ «ھەر قانداق ھۆكۈمەت ئادەم ئۆلتۈرگەنلەرنى ئاتىدۇ، بارىن يېزىسىدا 250 ئايالنىڭ بالىسى چۈشۈرۈۋېتىلدى، بۇنداق قىلىش قاتىللىق ھېسابلىنامدۇ ـ ھېسابلانمامدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇلار ئېتىلمايدۇ» دېگەن. ئۇلار يەنە پىتنە ـ ئىغۋا تارقىتىپ «ئىچكىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگە ھەر 15 مىنۇتتا بىر پويىز كېلىپ تۇرىدىكەن، كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى خىتايكەن، بىز ئاز سانلىق مىللەتلەرگە پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇشلار دېگەندىن كۆرە، خەنزۇلارنى كەلتۈرمىسە بولمامدۇ» دېگەن. ئۇلار ھەتتا «بىز كۆرەش قىلىپ، خىتايلارنى شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقىرىشىمىز كېرەك»، «مەملىكەت ئىچىدە بىزنى قوللايدىغانلار بار، چەت ئەلدىمۇ بىزنى قوللايدىغانلار بار»، «بىز تەشكىللىنىپ بولدۇق، يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى چۈشسىلا ھەرىكەتلىنىمىز»، «بارىن يېزىسىنى قولغا ئېلىپ، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرىمىز» دەپ غالجىرلىق بىلەن جار سېلىپ، ھەدەپ ئەكسىلئىنقىلابىي جامائەت پىكرى توپلىغان.

(2) مەخپىي ئالاقە باغلاپ، ئەكسىيەتچىل تەشكىلات قۇرۇش، ئېلىشىش مەشقى ئېلىپ بېرىش. بارىن يېزىسىدىكى ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئەكسىيەتچىلەر ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ قوزغاش ئۈچۈن، خۇپىيانە ھالدا

ھەر تەرەپكە قېتىراپ ھەرىكەت ئېلىپ بېرىپ، ئەكسىيەتـ چىل تەشكىلات قۇراشتۇرغان. ئۇلار 1989 - يىلدىن باشـ لاپ ئەزا قوبۇل قىلىپ، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارـ تىيىسى» قۇرغان. دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈپ ئەمەلىيـ لەشتۈرۈلۈشىچە، بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان بۇ ئەكسىيەتـ چىل تەشكىلات جامال مەمەتنىڭ ئۆيىدە بىرىنچى قېتىم يىغىن ئېچىپ، مەخسۇس تەشكىلات خىزمىتىنى مۇھاكىمە قىلىپ ئورۇنلاشتۇرغان؛ 2 - ئاينىڭ بېشىدا ساي مەسـ چىتىدە 2 - قېتىم يىغىن ئاچقان؛ 3 - ئاينىڭ 15 - كۈـ نى مەخەت قوشماقنىڭ ئۆيىدە 3 - قېتىم يىغىن ئېچىپ، قورال - ياراق، ئوق - دورا تەييارلاش، پىچاق، ئاق چوـ خەي، ئاق رەخت قاتارلىقلارنى سېتىۋېلىش مەسىلىسىنى ۋە ئىنتىزام مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلغان، «مەخپىيەتلىكنى قاتتىق ساقلاش كېرەك، كىم مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويسا، پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن قوشۇپ ئۆلتۈرۈۋېـ تىش كېرەك» دەپ بەلگىلىگەن؛ 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، ساي مەسچىتىدە 4 - قېتىم يىغىن ئېچىپ، قوراللىق توـ پىلاڭنىڭ كونكرېت تەشكىلى ۋە ئىش تەقسىماتىنى مۇھاـ كىمە قىلىپ، زەيدىن يۈسۈپنى باش قوماندان، ئابدۇغېنى تۇرسۇننى مۇئاۋىن باش قوماندان، جامال مەمەتنى ھەرـ بىي ئىشلار قوماندانى قىلغان، ئەھەت تىلىۋالدىنى بىرىنـ چى تۈركۈم كىشلەرگە مەسئۇل قىلغان، تۇرغۇن ساقىنى ئىككىنچى تۈركۈم كىشلەرگە مەسئۇل قىلغان، ئوبۇلقاسىم ئىبراھىمنى ئاتلىقلار بەنىنىڭ باشلىقى قىلغان، ئىسھاق ھوشۇرنى مالىيە، ئارقا سەپ تەمىنات ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلغان، ئابدۇللا تۇردى بىلەن مەمەت تۇرسۇننى ئالاقىـ

لىشىش باش قوماندانى قىلغان، رەھمەتجان ئەمەتنى ئۆز-لىرى ياسىغان پارتىلىتىش دورىسى، گرانات قاتارلىقلارنى باشقۇرۇش ۋە تارقىتىشقا مەسئۇل قىلغان. يىغىندا، زەيدىن يۇسۇپ ناۋادا مەن ئۆلۈپ كېتىسەم قالسام ئابدۇغېنى تۇرسۇن داۋاملىق قوماندانلىق قىلىدۇ ۋە قوشۇننى تەرەققىي قىلدۇ-رىدۇ دەپ ئالاھىدە بېكىتكەن. بۇ ئەكسىيەتچىلەر يەنە ئېلىشىش مەشقىنى جىددىي ئېلىپ بارغان، 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە، زەيدىن يۇسۇپ قاچقۇنلۇق ئوبۇل قاسىم (قېچىپ يۈرگەن قاتىل جىنايەتچى)نى باشلاپ كې-لىپ 40 ئادەمنى ئىسھاق ھوشۇرنىڭ ئۆيىگە يىغىپ ئېلىشىش-نى مەشق قىلدۇرغان. 3 - ئاينىڭ ئاخىرىدا يەنە 50 ئادەمنى يىغىپ جىلغىدا گرانات ئېتىش ۋە بەدەن چېنىق-تۇرۇش مەشقى ئېلىپ بارغان. 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئوبۇل قاسىم يەنە بىر قېتىم ئېلىشىش مەشقى قىلدۇرغان. ئۇلار ئومۇمەن مەشققە قاتناشقانلىكى كىشى غازات ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسىتىشى، ھەرگىزمۇ پۇشايمان قىلماسلىقى لازىم، دەپ تەلەپ قويغان.

(3) ئاشلىق، پۇل ۋە قورال - ياراق يىغىپ توپى-لاڭغا تەييارلىق كۆرۈش. بارىن يېزىسىدىكى ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئەكسىيەتچىلەر ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپى-لاڭ قوزغاشقا كېتىدىغان تۈرلۈك ماددىي ئەشيالارنى جىد-دىي تەييارلىغان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەشكىلاتىغا قاتناشقان ھەر بىر ئادەمنىڭ ئاز دېگەندە 50 يۈەن يەنى پائالىيەت خى-راجىتى ئۈچۈن 20 يۈەن، ئاق چوخەي سېتىۋېلىش ئۈچۈن 20 يۈەن، پىچاق سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئون يۈەن تاپشۇرۇش-نى بەلگىلىگەن. ئۇلار يەنە مەسچىتتە ناماز ئوقۇش پۇر-

سىتىدىن پايدىلىنىپ، ھەر بىر ئەزانى پائالىيەت خىراجى-
تى تاپشۇرۇشقا مەجبۇرلىغان. ئۇلار مەھەللىدە زورلۇق -
زومبۇلۇق قىلىپ، ئاممىنى ئاشلىق ۋە پۇل تاپشۇرۇشقا
ئاشكارا مەجبۇرلىغان. 3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى كەچتە،
بىر ئوچۇم ئەكسىيەتچىلەر قوغان كەنتىدە بىر كەنت كا-
درىنىڭ ئۆيىگە بېسىپ كىرىپ، ئۇنى 1500 يۈەن پۇل
ئىئانە قىلىشقا مەجبۇرلىغان. بۇ كادىر ئۇلاردىن پۇل يە-
غىپ نېمە قىلىسىلەر دەپ سورىغاندا، ئۇلار «ئىسلامىيەتنى
گۈللەندۈرىمىز، پۇلغا تۇرامسەن - جانغىمۇ» دېگەن. شۇ
كۈنى، قوغان كەنتىدىكى يەنە بىر دېھقانمۇ مەجبۇرىي
ھالدا 1000 يۈەن تاپشۇرغان. 3 - ئاينىڭ 20 كۈنىدىن
3 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە، ئۇلار بارىن، قوغان قاتار-
لىق تۆت كەنتتىكىلەرنى پۇل، ئاشلىق تاپشۇرۇشقا مەج-
بۇرلىغان، ھەر بىر ئائىلىنىڭ ئون جىڭدىن كۆممىقوناق، بەش
جىڭدىن بۇغداي تاپشۇرۇشىنى بەلگىلەپ، تۆت كەنتتىنلا 15
تاغار ئاشلىق يىغقان. ئۇلار مەجبۇرىي يىغقان پۇل بىلەن
ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قىلىچ، پارتلاتقۇچ دورىسى، گرا-
نات، پارتلاتقۇچ بومبىسى سېتىۋالغان ۋە ياسىغان، تۆت
ئات، موتسىكلىتمۇ سېتىۋالغان. دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈ-
رۈپ ئىسپاتلىنىشىچە، ئەكسىيەتچىلەر جەمئىي 13 مىڭ
يۈەن مەبلەغ يىغقان.

2) بارىن يېزىسىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق
توپىلاڭنى قەتئىي تۈردە تېز تىنجىتىش.

3 - ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدىن باشلاپ، بارىن يېزىسىدىكى
ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئەكسىيەتچىلەرنىڭ سۈيىقەستلىك
ھەرىكىتى تەدرىجىي ھالدا مەخپىي ئىشلىنىپ بې-

رىلىشتىن ئاشكارا ئىلىپ بېرىلىشقا باشلىغان، ۋەقە تەرەققىي قىلىپ بارغانسېرى ئېغىرلاشقان، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ خورىكى بارغانسېرى ئۆسۈپ كەتكەن. ئۇلار ئاشكارا ھالدا بارىن يېزىسىنىڭ تۇر كەنتىدىكى مەسچىتنىڭ قورۇسىغا يۇقىرى ئاۋازلىق چوڭ كاناي بېكىتىپ، غازات قىلىشنى تەشۋىق قىلغان. ئۇلار، مۇھەممەت پەيغەمبەر كۇپپارلارغا قارشى جەڭ قىلغان، بىزمۇ جەڭ قىلىشقا مەجبۇر بولدۇق. ھەر كۈنى بەش ۋاق ناماز ئوقۇش بىلەن مەسىلە ھەل بولمايدۇ، جەڭ قىلىش كېرەك، دېگەن.

ئۇنتايىن ئاز ساندىكى ئەكسىيەتچىلەر پىچاقنى يەرگە سانجىپ قويۇپ، ئامىنى «قۇرئان» تۇتۇپ قەسەم بېرىشكە مەجبۇرلىغان. قەسەم بەرمىگەنلەرنى قاتتىق ئۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار يەنە ئامىغا تەھدىت سېلىپ «كىمكى ئىسلام دىنىغا ئاسىيلىق قىلىدىكەن، بىز شۇنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايمىز، قېنى كۆرۈپ باقايلى، زادى كىم يامان ئىكەن!» دېگەن. ئۇلار يەنە «پەيشەنبە كۈنى (4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى) بىز كۆكشېدا ئىسلامىيەتنى گۈللەندۈرىمىز، ئىسلام بايرىقىنى گۆكشىگە قادايمىز»، «رامىزاندا كىم ئاشخانا ئاچىدىكەن، شۇنىڭ ئاشخانىسىنى چېقىۋېتىمىز، ئاياللار كوچىغا چىقسا چېچىنى كېسىپ تاشلايمىز» دەپ جار سالغان.

بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئېغىر مەسىلىنى كۆزدە تۇتۇپ، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتى بىلەن ئاقتو ناھىيىلىك پارتىيە كومىتېتى بارىن يېزىسىغا خىزمەت ئىشلەشكە دەرھال كادىر ئەۋەتىپ، ۋەقەنىڭ ئەۋج

ئىلىپ كېتىشىنى توسقان. كەڭ كادىرلار ۋە ئامما ئەكسىيەتچىلەرنىڭ بۇ جىنايى قىلمىشلىرىدىن تولىمۇ نارازى بولغان، بەزى دىنىي زاتلار ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىكى يولداشلارغا «ھازىر پارتىيە بارمۇ يوق، ھۆكۈمەت بارمۇ يوق، سىلەر بۇ ئادەملەرنى باشقۇرامسىلەر ـ باشقۇرماامسىلەر؟» دېگەن.

4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاقتۇ ناھىيىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى تۇرسۇن بارىن يېزىسىدا يېزا ـ كەنت كادىرلىرى يىغىنىنى ئېچىپ، بارىن يېزىسىدا يېقىندا كۆرۈلگەن ئەھۋاللار ھەققىدە توختالغان ھەمدە قانۇنسىز ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئۇنسۇرلار ئاز ساندىكى كىشىلەرگە دەرھال ھەرىكىتىنى توختىتىش توغرىسىدا، ھەرىكەتكە قاتناشقۇچىلارغا ئۇلار بىلەن بولغان چەك ـ چېگرىنى ئايرىش توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن. شۇ چاغدا، يىغىنغا قاتنىشىۋاتقان قىزىلئۆستەڭ كەنتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى شۇ يىغىن مەيدانىدا ئولتۇرغان بوغالتىر ئەيسا موللا (ئەكسىيەتچى تەشكىلاتنىڭ تايانچىسى) غا «ئاڭلىدىڭمۇ، تۇرسۇن شۇجى نېمە دەۋاتىدۇ، سىلەر غەۋغا چىقارداڭلار» دېگەن. ئەيسا موللا «ئۇ نېمە دېسە دەۋەرسۇن، بىزنىڭمۇ ئۆزىمىزگە چۇشلۇق تەييارلىقىمىز بار، بىز پۇشايمان قىلمايمىز، ئاخىرقى غەلىبە بىزنىڭ بولىدۇ» دېگەن.

4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئۇنسۇرلار ئاز ساندىكى ئەكسىيەتچىلەر ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكىتىنىڭ پاش بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان پىلانلاپ كەلگەن جىنايى ھەرىكىتىنى

تېزلەتكەن. ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئەكسىيەتچىلەر 30 نەچچە ئادەمنى باشلاپ، بارىن يېزىلىق پەيچۇسودىكى ھېلىم ئۇرايىمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، قەستەن جېدەل چىقىرىپ، ئۇنىڭغا تەھدىت سالغان. شۇ كۈنى ئاخشىمى، 30 نەچچە ئادەم چېكىي كەنتىنىڭ ئامانلىق ساقلاش مۇدىرى ئەيسا روزىغا تەھدىت سالغان ۋە پوپوزا قىلغان. يولداش تۇرسۇن بىلەن ئاقتو ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئابابەكرى بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال چېكىي كەنتىگە بېرىپ، چېكىي كەنتىدىكى مەسچىتكە يىغىلغان 200 نەچچە ئادەمگە سەۋرچانلىق بىلەن ئىنچىكە خىزمەت ئىشلەپ، پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى تەشۋىق قىلغان. بۇ بىر توپ كىشىلەر نەسىھەتنى ئاڭلىمايلا قالماستىن، بەلكى زەھەرخەندىلىك بىلەن «بۈگۈن سىلەرنىڭ يۈز - خاتىرەڭلەرنى قىلىپ، سىلەرنى چىرايلىقچە يولغا سېلىپ قويايلى، ئەتە خىتاي كادىرلار كېلىپ باقسۇن، قېنى بىز قانداق قىلىدىكەنمىز!» دېگەن.

4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئەتىگەن سائەت ئالتىدە، ئەكسىيەتچىلەر 200 نەچچە ئادەمنى يىغىپ، قوللىرىغا قول چىراغ ئېلىپ، تەكشى قەدەم تاشلاپ، «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ يۇقىرى ئاۋازدا توۋلاپ «غازات» قىلىش ئىرادىسىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن يېزىلىق ھۆكۈمەتكە قاراپ يولغا چىققان. ئۇلار يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندىن كېيىن، كوللېكتىپ ناماز ئوقۇشقا باشلىغان، ئاشكارا ھالدا خەلق ھاكىمىيىتىگە ئېغۋاگەرچىلىك سالغان. يولداش تۇرسۇن ۋەقەنىڭ ئىنتايىن ئېغىر-

لىشىپ كېتىۋاتقانلىقى ۋە جىددىيلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، دەرھال ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى نيۇ بىڭشىنغا دوكلات قىلغان ھەمدە بارىن يېزىسىنىڭ جەمئىيەت تەرتىپىنى قوغداش، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن دەرھال بىر ئاز قوراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىسى ئەۋەتىش ھەققىدە تەكلىپ بەرگەن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كۈتۈلمىگەن ئەھۋالنىڭ كۆرۈلۈپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، خەنزۇ كادىرلار كەلمەي تۇرسۇن دېگەن تەكلىپنى بەرگەن.

4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئوبلاست، ناھىيە خىزمەت ئىشلەش ئۈچۈن بارىن يېزىسىغا 60 نەچچە كادىر ئەۋەتكەن. ئۇلار يېزىلىق ھۆكۈمەتكە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، دەرھال ئايرىم - ھالدا يېزا، كەنت كادىرلىرى يىغىنى، ئاممىۋى يىغىن ۋە دىنىي زاتلار يىغىنى ئېچىپ، ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئەكسىيەتچىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتىنى پاش قىلىپ، كەڭ كادىرلار، ئامما ۋە دىنىي زاتلارنىڭ بۇزۇق كىشىلەرگە قارشى تىغمۇ - تىغ ئاكتىپ كۈرەش قىلىشىنى تەلەپ قىلغان.

ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئەكسىيەتچىلەر ئۆز ھەرىكىتىنى توختاتمايلا قالماستىن، ئەكسىچە تېخىمۇ ئاشكارا ھالدا ئاممىنى قۇتراتىپ، ئوبلاست، ناھىيە، يېزا كادىرلىرىنىڭ نورمال خىزمەت ئىشلىشىگە كاشىلا سالغان.

چۈشتىن كېيىن سائەت ئالتىدىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، جەمئىيەت تەرتىپىنى قوغداش ئۈچۈن قىزىلسۇ ئوبلاستىدىكى 62 نەپەر قوراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىسى

بارىن يېزىسىغا يېتىپ كەلگەن. ئۇلار يېزىلىق ھۆكۈمەت ئورگىنى ئالدىغا كەلگەندە جېدەل چىقارغۇچىلارنىڭ قورشاپ ھۇجۇم قىلىشىغا ئۇچرىغان، جېدەل چىقارغۇچىلار قوراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىلىرىنىڭ يېزىلىق ھۆكۈمەتكە كىرىشىگە يول قويمىغان. ئوبلاست، ناھىيە كادىرلىرىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەيدىغان ئاممىغا خىزمەت ئىشلىشى ئارقىسىدا، قوراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىلىرى يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسىغا كىرگەن. بۇ چاغدا، ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئەكسىيەتچىلەرنىڭ قۇترىتىشى بىلەن، ئىككى-ئۈچ يۈز ئادەم غەۋغا كۆتۈرۈپ، قالايمىقان توۋلاپ، يېزىلىق ھۆكۈمەتكە قورشاپ ھۇجۇم قىلىشقا باشلىغان.

سائەت سەككىزدە، ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى جېدەل چىقارغۇچىلارنىڭ كاتىپبېشى جامال مەمەتنى يېزىلىق پەيچۇسوغا ئېلىپ كىرىپ ئۇنىڭغا خىزمەت ئىشلىگەن. بۇ چاغدا يېزىلىق ھۆكۈمەتكە قورشاپ ھۇجۇم قىلىۋاتقان كىشىلەر ئوبلاستلىق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يولداش تالىپنى سىرتقا سۆرەپ چىقىپ، ئۇنىڭغا قورشاپ ھۇجۇم قىلغان ۋە ئۇنى ھاقارەتلىگەن. قوراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىلىرى چىقىپ يولداش تالىپنى مىڭ تەستە قايتۇرۇپ كىرگەن. كەچ سائەت سەككىزدىن 40 مىنۇت ئۆتكەندە، جېدەل چىقارغۇچىلار چوڭ دەرۋازىدىكى كادىرلارغا، قوراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىلىرىگە تاش ئېتىپ، شۇ جايدىلا ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىكى ئابلا مەمەتنى ۋە بىر قوراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىسىنى يارىلاندۇرغان. سىرتتا ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقان شوپۇر

لى جەنجۇنى ماشىنىدىن سۆرەپ چۈشۈپ قاتتىق ئۇرغان يەنە بىر شوپۇر چىن خۇكچياڭنىمۇ دەرۋازا سىرتىدا ئۇرغان. قوراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىلىرى بۇ ئىككەيلەننى قۇتقۇزۇۋالغان.

كەچ سائەت توققۇزدىن سەككىز مىنۇت ئۆتكەندە، قوراللىق ساقچى قىسىم قەشقەر تارماق ئەترىتىنىڭ ياردەمگە كەلگەن 130 جەڭچىسى بارىن يېزىسىغا يېتىپ بارغان، يېزىلىق ھۆكۈمەت دەرۋازىسى ئالدىدىكى تۆت كوچىنىڭ دوخمىشىدا زوراۋانلار ئىككى ئاپتوموبىلنىڭ ئەينىكىنى تاش بىلەن ئۇرۇپ چېقىۋەتكەن، شوپۇرنى يارىلاندۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار يەنە 14 نەپەر قوراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىسىنى ۋە بىر نەپەر جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىسىنى يارىلاندۇرغان. قوراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىلىرى ماشىنىدىن چۈشۈپ جېدەل چىقارغۇچىلارنى تارقىتىۋەتكەن ھەمدە باشلامچى بولۇپ جېدەل چىقارغان 19 نەپەر قانۇنسىز ئۇنسۇرنى تۇتۇۋالغان. قوراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىلىرى يېزىلىق ھۆكۈمەت دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا تەرتىپنى ساقلاپ، ئاممىغا تارقىلىپ كېتىش ھەققىدە نەسىھەت قىلغان.

سائەت توققۇزدىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى، قىزىلسۇ ئوبلاستىدىكى قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنىڭ جەڭچىلىرىدىن، جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر ساقچىلىرىدىن ۋە ئوبلاست، ناھىيە كادىرلىرىدىن 200 نەچچە كىشى يېزىلىق ھۆكۈمەت ھويلىسىغا كىرگەن. بۇ چاغدا، يېزىلىق ھۆكۈمەتكە قورشاپ ھۇجۇم قىلىۋاتقانلار بارغانسېرى كۆپەيگەن، زوراۋانلار يەنە قوراللىق ساقچى قىسىم

جەڭچىلىرىگە قالايمىقان تاش ۋە كېسەك ئاتقان. بۇ زوراۋانلار بىر تەرەپتىن ئاممىنى قۇتراتىپ يېزىلىق ھۆكۇمەتكە ھۇجۇم قىلغان، يەنە بىر تەرەپتىن كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ بىزنىڭ ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقان جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر - ساقچىلىرىمىزنى تۇتقان. 50 نەچچە زوراۋان ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى جېدەل چىقارغۇچىلارنىڭ يەنە بىر كاتتىبېشى زەيدىن يۇسۇپنى يىغىۋېلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن بەش نەپەر جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر - جەڭچىسىنى تۇتۇپ كەتكەن ھەمدە ئۇلارنىڭ بەش تاپانچىسى، بىر سۆزلىشىش ئاپپاراتى، بىر توك كالتىكى، بىر كويزىسى، بەش يۇرۇش ساقچى كىيىمىنى تارتىۋالغان.

سائەت 11 دە، قوراللىق ساقچى قىسىم ئاقتو ناھىيىلىك چېگرا مۇداپىئە چوك ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن تەربىيىچىسى شۇ شىنجيەن جەڭچى ۋاڭ جىڭپىڭ، گو شۆۋېن ۋە لۇجيەنخۇينى باشلاپ، بىيجىڭ 212 تىپلىق سەككىز كىشىلىك جىپقا ئولتۇرۇپ ئاقتو ناھىيىسىدىن بارىن يېزىسىغا ئالاقىلىشىش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشقا بارماقچى بولۇپ، يېزىلىق ھۆكۇمەتتىن تەخمىنەن ئۈچ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، زوراۋانلار ئۇلارنى توسىۋالغان ھەمدە تۆت نەپەر قوراللىق ساقچى قىسىم كادىرى ۋە جەڭچىسىنى جىپتىن سۆرەپ چۈشۈپ، كەكە ۋە قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرۈۋېتىپ ئۇلارنىڭ تۆت دانە تاپانچىسىنى بۇلاپ كەتكەن. ئۇزۇن ئۆتمەي، قەشقەر قوراللىق ساقچى قىسىم 6 - ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئەلى ياسىن، بەنجاڭ ۋۇ يوك. مۇئاۋىن بەنجاڭ

تيەن سۇڭفېن ۋە ئوبلاستلىق ھۆكۈمەتنىڭ شوپۇرى ئادىل، قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سىيىت توختىنىڭ «شۇنياڭجەن» ماركىلىق پىكاپىغا ئولتۇرۇپ، بارىن يېزىسىغا ئەھۋالنى دوكلات قىلغىلى بارماقچى بولۇپ مۇشۇ يېزىدىكى چوڭ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، زوراۋانلار يەنە ئۇلارنىمۇ توسىۋالغان، ئۈچ كوماندىر جەڭچىنى ۋە بىر شوپۇرنى قاتتىق ئۇرغان. ئوتتۇرا ئەتىرەتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئەلى ياسىننى باغلاپ ئۇرۇپ ھوشىدىن كەتكۈزىۋەتكەن. «شۇنياڭجيەن» ماركىلىق پىكاپنى پارتلىتىۋېتىپ كۆۋرۈكنىڭ ئاستىغا ئىتتىرىپ چۈشۈرىۋەتكەن، ئۇلارنىڭ قولىدىكى ئۈچ دانە ئاپتومات، بىر دانە تاپانچا، 400 نەچچە پاي ئوقنى بۇلاپ كەتكەن، بەنجاڭ ۋۇيۈك، مۇئاۋىن بەنجاڭ تيەن سۇڭفېننى ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى سائەت نۆلدىن ئون مىنۇت ئۆتكەندە، يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسى سىرتىدىكى زوراۋانلار ئۆزلىرى تۇتۇپ كەتكەن بەش نەپەر جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر - جەڭچىسىنىڭ بېشىغا قورالنى تەڭلەپ تۇرۇپ، بۇلاپ ئېلىۋالغان سۆزلىشىش ئاپپاراتى بىلەن بىر بىلەن سۆزلىشىپ، ئىككى تەرەپتىن تۇتۇپ كېتىلگەن ئادەملەرنى ئالماشتۇرۇشنى تەلەپ قىلغان ھەمدە ئەگەر بۇ شەرتكە كۆنمىسەڭلەر، بەش نەپەر كادىر، ساقچىنى ئۆلتۈرىۋېتىمىز، يېزىلىق ھۆكۈمەتكە ھۇجۇم قىلىمىز دەپ جار سالغان. جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر - جەڭچىلىرىنىڭ ھاياتىنىڭ بىخەتەرلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، بىر تەرەپ ئىككى تەرەپتىن تۇتۇۋېلىنغانلارنى ئالماشتۇرۇشقا قوشۇلغان، لېكىن بىر تەرەپ ئۇلارنىڭ جامائەت خەۋپسىز-

لىكى خادىملىرىمىزنى قويۇپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇلاپ كەتكەن قوراللىرىمىزنىمۇ تاپشۇرۇپ بېرىشنى، يېزىلىق ھۆكۈمەتنى قورشىۋالغان ئادەملەرنى دەرھال تارقىتىۋېتىشىنى تەلەپ قىلغان. بىز تەرەپ يۇقىرىقى شەرتلەرنى يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ رادىئوسىدا كۆپ قېتىم ئاڭلاتقان ھەمدە دەرۋازا ئالدىغا ئادەم چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ سۆزلىشىشكە ۋەكىل ئەۋەتىشىنى تەلەپ قىلغان، لېكىن ئۇلار ۋەكىل ئەۋەتمىگەن.

سەھەر سائەت ئۈچتىن 15 مىنۇت ئۆتكەندە، بىز تەرەپ زوراۋانلارغا داۋاملىق سىياسىي ھۇجۇم قوزغىغان ۋە رادىئو ئارقىلىق ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئېلان قىلغان. سائەت ئۈچتىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، زوراۋانلارنىڭ تۆت - بەش كاتتىبېشى زوراۋانلارنى باشلاپ، «قۇرئان» تۇتۇپ قەسەم قىلىپ، ئۆلگۈچە جان تالاشماقچى بولغان. بۇ ئەھۋالغا ئاساسەن، قوماندانلىق شتابى يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسى ئىچىدە قاپسىلىپ قالغان قوراللىق ساقچى قىسمىغا دەرھال ئېگىز يەرنى ئىگىلەپ، تېخىمۇ ئېغىر ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرۇشقا تەييارلىنىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەرگەن.

سائەت ئۈچتىن 59 مىنۇت ئۆتكەندە، زوراۋانلار ئوبلاستىمىز، ناھىيىمىزدىكى مىللىي رەھبەرلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قېشىغا بېرىپ سۆھبەتلىشىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئوبلاستىمىز، ناھىيىمىزدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنى ئالداپ تۇتۇشقا ئۇرۇندى. بىز زوراۋانلارنىڭ يولسىز تەلىپىنى قەتئىي رەت قىلدۇق ھەمدە سىياسىي ھۇجۇمنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئۇلارغا قانۇنسىز ھەرىكەتلىرىنى دەرھال توختىتىش ھەققىدە داۋاملىق نەسىھەت قىلدۇق.

سائەت تۆتتىن بەش مىنۇت ئۆتكەندە، زوراۋانلا
بىزگە «سىلەر قورشاۋدا قالدىڭلار، بىز بىر يىلدىن ئار
تۇق ۋاقىت تەييارلىق كۆرگەن، سىلەرگە تاقابىل تۇرۇشت
يېتەرلىك قورالىمىز بار، ھازىر بىزنىڭ قويىدىغان تەلىپ
مىز شۇكى، بىرىنچى، ئاۋۋال بىزنىڭ ئادەملىرىمىزنى قو
يۇپ بېرىڭلار؛ ئىككىنچى، رادىئودا سۆزلەشنى توختىتىڭلار
ئۇنداق قىلمىساڭلار، بىز قورال ئىشلىتىمىز؛ ئۈچىنچى
سىلەر ھەممە قورالنى تاپشۇرۇڭلار؛ تۆتىنچى، سىلەر بىز
گە ئەسىر بولدىڭلار، پروتونلەي چېكىنىپ كېتىڭلار، بۇ
تەلىپىمىزگە يېرىم سائەت ئىچىدە جاۋاب بېرىشىڭلارنى كۈ
تىمىز» دەپ غالجىرلارچە توۋلىغان. زوراۋانلارنىڭ غال
جىرلارچە كۆرەڭلىشى ۋە قويغان يولسىز تەلىپى ئالدىدا
قوراللىق ساقچى قىسىم كوماندىرى ـ جەڭچىلىرىمىز ۋە جا
مائەت خەۋپسىزلىكى كادىرى ـ ساقچىلىرىمىز يەنىلا تەشۋىق
قىلىش سىياسىتىدە چىڭ تۇرغان.

سائەت تۆتتىن 36 مىنۇت ئۆتكەندە، زوراۋانلار يې
زىلىق ھۆكۈمەت قورۇسىغا ئون نەچچە گرانات ۋە پارت
لىتىش بومبىسى تاشلىغان، بىزگە ئوت ئېچىپ، بىرىنچى
پاي ئوقنى ئاتقان. قەشقەر قوراللىق ساقچى قىسمى 4 ـ
ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ جەڭچىسى دۇڭ شىمىن، ياڭ پېيجۇڭ
5 ـ ئوتتۇرا ئەترەتنىڭ جەڭچىسى دۇ يۇڭلياڭ نەق مەي
داندا يارىلانغان، قوراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىلىرى
ئاسمانغا ئوق ئېتىپ ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن. زوراۋانلار
داۋاملىق يېزىلىق ھۆكۈمەت ھويلىسىغا قارىتىپ، غالجىر
لارچە ئوق ئاتقان ۋە گرانات تاشلىغان، ئارقىدىنلا، زو
راۋانلار يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسى تېمىنىڭ ئۈچ يېرىنى

پارتلىتىپ ئېچىۋەتكەن. ئوق ئېتىپ ئاگاھلاندۇرۇش، بې- رىش ئۇنۇم بەرمىگەن، تاقەت قىلىپ تۇرغىلى بولمىغان ئەھۋالدا، قوراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىلىرىمىز، جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر - ساقچىلىرىمىز ئۆزىنى قوغداش ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن قايتۇر- ما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، نەق مەيداننىڭ ئۆزىدە ئەكسىلئىن- قىلابىي قوراللىق توپىلاڭنىڭ كاتتىۋېشى زەيدىن يۇسۇپنى ئېتىپ تاشلىغان.

سائەت بەشتىن 23 مىنۇت ئۆتكەندە، يېزىلىق ھۆ- كۈمەت قورۇسى سىرتىدىكى زوراۋانلار يەنە سۆھبەت ئۆت- كۈزۈش، ئادەم ئالماشتۇرۇش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئاممىنى خاتا زەخمىلەندۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن، قوماندانلىق شتابى ئوت ئېچىشنى توختىتىشقا قوشۇلغان. ئۆ- زىمىزنىڭ سەمىمىيىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، بىز ئالدى بىلەن بەش جېدەل چىقارغۇچىنى قويۇپ بېرىشكە، ئاندىن كېيىن ئىككى تەرەپ تۇتقۇن قىلىنغان بارلىق خادىملار- نى تەڭ قويۇپ بېرىشكە قوشۇلدۇق. لېكىن بىز قويۇپ بېرىشكە قوشۇلغان جېدەل چىقارغۇچىلار قايتىمىشقا ئۇنىم- غانلىقتىن، سۆھبەت بۇزۇلغان، زوراۋانلار بىزگە قارىتىپ داۋاملىق ئوق چىقارغان. شۇ ۋاقىتتا، قوراللىق ساقچى جەڭچىلىرىمىز ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر - ساقچى- لىرىمىزدا ئون نەچچە تال قورال بار ئىدى، زوراۋانلار- نىڭ مۇھاسىرىسىنى بۇزۇپ تاشلاشقا تامامەن قۇدرىتى يېتەتتى. لېكىن، ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئەكسىلئىنقىلابچى- لار بىلەن ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەيدىغان ئاممىنى ئايرى- شىپ كەتكەن مۇرەككەپ ۋەزىيەتتە، بىرمۇ ئاممىغا زىيان-

زەخمەت يەتكۈمەسلىكنى، ئاممىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، قوراللىق ساقچى كوماندىر - جەڭچىلىرىمىز ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر - ساقچىلىرىمىز بۇيرۇققا ۋە قوماندانلىققا قەتئىي بويسۇنۇپ، ئۆزلىنى تۇتۇۋالغان ھالدا قايتا زەربە بېرىشتە چىڭ تۇرغان، ئاساسلىقى سىياسىي تەشۋىقات ۋە سىياسىي ھۇجۇمنى قانات يايدۇرغان.

سائەت ئالتىدىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، قوراللىق ساقچى قىسىم باش ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن سەنمۇجاڭى ئېزىز ھېيت قەشقەر قوراللىق ساقچى قىسىم 6 - ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ بىر قىسىم يېڭى جەڭچىسىنى ۋە قىزىلسۇ ئوبلاستى چېگرا مۇداپىئە قىسمى ئارماق ئەترىتىنىڭ بىر قىسىم جەڭچىسىنى باشلاپ ئاقتۇدىن بارىن يېزىسىغا ياردەمگە ماڭغاندا، بارىن يېزىلىق ھۆكۈمەتكە كېلىشكە ئىككى كىلومېتر قالغان جايدا زوراۋانلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان. قوراللىق ساقچى قىسىمنىڭ كوماندىر - جەڭچىلىرى زوراۋانلارنىڭ ئوت ئېچىشى ۋە گرانات بىلەن ھۇجۇم قىلىشىغا قارىماي بارلىق كۈچ بىلەن يېزىلىق ھۆكۈمەتكە يېقىنلاشقان. جەڭدە قەشقەر قوراللىق ساقچى قىسىم 2 - ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن يېتەكچىسى ھاشىمنىڭ پۇتى يارىلانغان، يەنە بىر جەڭچىنىڭ كاسىسى زوراۋانلار ئاتقان گرانات بىلەن زەخىملەنگەن. سائەت بەشتە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ۋە بىڭتۇەن، يەرلىكتىكى بىر قىسىم خەلق ئەسكەرلىرى ۋەزىيەتنى كونترول قىلىش يۈزىسىدىن، ئۆز ئورنىدىن بارىن يېزىسىغا قاراپ يولغا چىققان. سائەت سەككىزدىن 15 مىنۇت ئۆتكەندە ۋە سەككىزدىن 25 مىنۇت ئۆتكەندە، ئۇلار ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ، بارىن

يېزىسىغا يېتىپ كېلىپ، زورائۋانلارغا ئىككى تەرەپتىن قىستاپ كۈچلۈك زەربە بېرىدىغان ھالەتنى شەكىللەندۈرگەن. زورائۋانلار قېچىشقا باشلىغان.

سائەت توققۇزدا، قوماندانلىق شتابى قىسىملارغا ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇمغا ئۆتۈش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. بىز تەرەپنىڭ كۈچلۈك ھۇجۇمى ئالدىدا، زورائۋانلار تەرەپ - تەرەپكە قېچىشقان. ئاز ساندىكى زورائۋانلار پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىۋېلىپ، سىرتقا قارىتىپ ئوق چىقىرىپ، جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن. سىياسىي جەھەتتە ھۇجۇم قىلىش ۋە پاكىز يوقىتىش ئارقىلىق كۆپ ساندىكى زورائۋانلار قولغا چۈشۈرۈلگەن.

سائەت توققۇزدىن 50 مىنۇت ئۆتكەندە، بارىن يېزىسىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنى تىنجىتىش جېڭى ھەل قىلغۇچلۇق غەلىبىگە ئېرىشتى. جەڭدە زورائۋانلاردىن ئاللىتە كىشى بىز تەرەپتىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەپ، قېچىپ كەتكەن زورائۋانلارنىڭ ئالدىنى توسۇش ۋە ئۇلارغا قوغلاپ زەربە بېرىش.

بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنى تىنجىتىشنىڭ ھەل قىلغۇچ غەلىبىسى قولغا كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، قايتۇرما زەربە بېرىشكە ئۆتكەن چېغىمىزدا، ئازسانلىكى زورائۋانلار قوراللارنى ئېلىپ قېچىپ كەتكەن. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى دەرھال قوغلاپ تۇتۇش شۆبە ئەترىتى تەشكىللەپ غەلىبىسىرى ئالغا ئىلگىرىلەپ، قېچىپ كەتكەن زورائۋانلارغا قوغلاپ زەربە بەردى. قەشقەر ۋىلايىتى ۋە قىزىلسۇ ئوبلاستىدىكى ناھى-

يىلەرمۇ پائال ماسلىشىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر - ساقچىلىرىنى، قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنىڭ كوماندىر - جەڭچىلىرىنى ۋە خەلق ئەسكەرلىرىنى ئەۋەتىپ قېچىپ كەتكەن زوراۋانلارنىڭ يولىنى توسقان.

4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ قوغلاپ زەربە بەرگۈچى قىسمى ئالدى بىلەن زوراۋانلاردىن تۆت كىشىنى قولغا چۈشۈرگەن، ئارقىدىنلا، قەشقەر جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ كادىر - ساقچىلىرى يېڭىسار ناھىيىسىگە كېتىۋېتىپ يەنە تۆت زوراۋاننى، ئىككى ئاتنى، ئۈچ دانە پارتلاتقۇچ بومبىنى قولغا چۈشۈرگەن. 6 - كۈنى كەچ سائەت ئوندىن 7 - كۈنى ئەتىگەن سائەت ئىككىگىچە، يېڭىسار ناھىيەسىدىكى قوراللىق ساقچى قىسمىنىڭ كوماندىر - جەڭچىلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر - ساقچىلىرى ۋە خەلق ئەسكەرلىرى لومپا يېزىسى ئەتراپىدا قېچىپ يۈرگەن 19 زوراۋاننى، ئىككى ئاتنى، 30 پاي ئوقنى، يەرلىك ئۇسۇلدا ياسالغان ئۈچ دانە گراناتنى، بىر پىچاقنى ۋە 1060 يۈەن نەق پۇلنى قولغا چۈشۈرگەن. ھەمدە بىر زوراۋاننىڭ ئىقرارىغا ئاساسەن، تىقىپ قويۇلغان «54» تىپلىق بىر تاپانچىنى تېپىۋالغان.

قېچىپ كەتكەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق زوراۋانلارغا قوغلاپ زەربە بېرىش جەريانىدا، قىسىملىرىمىز توپىلاڭ پەيدا قىلغان بىر ئۈچۈم تاپانچ ئونسۇرلارنىڭ چېگرىدىن ئۆتۈپ چەتكە قاچماقچى بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان. قوغلاپ زەربە بەرگۈچى قىسىملىرىمىز زوراۋانلارنىڭ چېگرىدىن ئۆتۈپ چەتكە قېچىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى

ئېلىش ئۈچۈن، كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ، تاغ ئېگىز
(دېڭىز يۈزىدىن 4000 نەچچە يۈز مېتر كېلىدۇ) بولغان،
يولى خەتەرلىك بولغان، ھاۋا شالاڭ بولغان، نوكسىگېن
يېتىشمەيۋاتقان، ئوزۇقلىنىش ئىنتايىن قىيىن بولغان شا-
رائىتتا، باتۇرلارچە جەڭ قىلغان.

4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت
11 دە، قوغلاپ زەربە بەرگۈچى قىسىملىرىمىز ئاقتۇ ناھى-
يىسىنىڭ چېگرىسىغا جايلاشقان بېدىلىك رايونىدا 16 نە-
پەر قوراللىق زوراۋاننىڭ قېچىپ يۈرگەنلىكىنى سېزىپ،
دەرھال ئۇلارنى قورشىۋېلىپ ئۇلارغا يېرىم سائەت سىيا-
سىي ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، زوراۋانلار تەسلىم بولۇشنى
رەت قىلغان ھەمدە كۆپ قېتىم بىزگە قارىتىپ ئوق چى-
قىرىپ، گرانات ئېتىپ پەيجاڭ دىڭ جۈنلۈنى ياردارلان-
دۇرغان. قىسىمىمىز تاقەت قىلىپ تۇرغىلى بولمايدىغان
ئەھۋال ئاستىدا، سائەت 13 تە توپلاڭچىلارغا ھۇجۇم
قىلغان. يېرىم سائەت داۋام قىلغان جەڭدە بەش زوراۋان
ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن، بىر زوراۋان ئېغىر ياردارلاندۇرۇلغان
(كېيىن ئۆلگەن)، ئۈچ زوراۋان قولغا چۈشۈرۈلگەن، ئىككى
«54» تىپلىق تاپانچا، يەرلىك ئۇسۇلدا ياسالغان 11 گرا-
نات، ئىككى توك كالتىكى، 20 نەچچە پىچاق ۋە 3862 يۈەن
50 فوڭ پۇل شۇنىڭدەك باشقا بۇيۇملار قولغا چۈشۈرۈلگەن

4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، قىسىملىرىمىز بېدىلىك را-
يونىدا توردىن قېچىپ كەتكەن يەتتە زاراۋانغا قوغلاپ زەر-
بە بەرگەن. ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ گۈلباغ رايونىدا قېچىپ كەتكەن
يەتتە زوراۋاندىن ئۈچىنى بايقاپ دەرھال ئۇلارغا سىياسىي
ھۇجۇم قىلغان. زوراۋانلار تەسلىم بولماي جاھىللىق بىلەن

قارشىلىق كۆرسىتىپ، بىزنىڭ قىسىملىرىمىزغا قارىتىپ ئوق چىقىرىپ، ئاقتۇ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەرجىمانى ئادىل (قىسىمنىڭ يول باشلىغۇچىسى) نى ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. يېتەكچى ۋېي جىنرۇڭ، بەنجاڭ تاڭ يىڭخۇڭنى ئېتىپ يارىدارلاندۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ قىسىملىرىمىز قەتئىي قايتۇرما زەربە بېرىپ، ئۈچ نەپەر زوراۋاننىڭ ھەممىسىنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن، ئىككى ئاپتومات، ئىككى تاپانچا ۋە باشقا نەرسىلەرنى قولغا چۈشۈرگەن.

4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئەتىگەن سائەت ئۈچتىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە يېڭىسار ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ كادىر - ساقچىلىرى يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ ئۇچا يېزىسىدا ئوزۇق ئىزدەپ تاغدىن چۈشكەن تۆت نەپەر زوراۋاننى قولغا چۈشۈرگەن، «54» تىپلىق تاپانچىدىن ئىككىنى قولغا چۈشۈرگەن.

زوراۋانلارنى قوغلاپ تۇتۇش جەڭىدە، ئازادلىق ئارمىيە، قوراللىق ساقچى قىسىملىرىمىز، جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر - ساقچىلىرىمىز، بىڭتۇەن ۋە قەشقەر ۋىلايىتى، قىزىلسۇ ئوبلاستىغا قاراشلىق ھەرقايسى ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلق ئەسكەرلىرى پائال ماسلىشىپ، ھەمكارلىشىپ جەڭ قىلىپ، توپىلاڭنىڭ تاپانچىلىرىدىن ۋە مەجبۇرىي ئەگەشكۈچىلەردىن 200 نەچچىنى تۇتقان ۋە قولغا چۈشۈرگەن.

**2. ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭچىلارنىڭ ئاساسلىق جىنايىتى ۋە تاپانچىلىرىنىڭ ئەكسىيەتچىل ئەپتى - بەشىرىسى**

بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنى ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئەكسىلئىنقىلابىچى

لار كۆكۆل قويۇپ پىلانلىغان، ئۇ، كەم - كۈتىسىز ئەكـ
سىلئىنقىلابىي ۋەقە. توپىلاڭچىلارنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي مەقـ
سىتى كومپارتىيىنى، سوتسىيالىزمنى، خەلق ھاكىمىيىتىنى
ئاغدۇرۇپ، ماركسىزمنى ئىنكار قىلىپ، «شەرقىي تۈركىستان
ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ كىشىنى چۆـ
چۈتىدىغان سىنىپىي كۈرەش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش
بىلەن ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش.
بۇ ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭچىلارنىڭ جىنايىتى
چېكىدىن ئاشتى، يىغىنچاقلىغاندا، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق جىـ
نايىتى مۇنۇلار:

(1) «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى» دېگەن
ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلاتنى قۇرۇپ، پارتىيە ۋە خەلق ھۆـ
كۈمىتى بىلەن دۈشمەنلىشىشتە جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇش.
ئۇلار ئالداش، تەھدىت سېلىش ۋە دىنىي قەسەم قىلىش
قاتارلىق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، ئەزالىرىنى پائال كۆـ
پەيتىپ، كۆپ قېتىم مەخپىي يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ توپىلاڭ
پىلانلىغان. دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىنىشچە،
بۇ ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلاتنىڭ يادرولۇق ئادىمى سەكـ
كىز كىشى، تايانچىسى ئون نەچچە كىشى بولۇپ، ئۇلارنىڭ
ئىچىدىكى ئىش تەقسىماتى بار ئىكەن، باش قوماندانى، مۇـ
ئاۋىن باش قوماندانى، ھەربىي ئىشلار قوماندانى ۋە ئارـ
قا سەپ قاتناش، ئالاقىلىشىش قوماندانلىرى، شۇنىڭدەك
ئەسكەرلەرگە يېتەكچىلىك قىلىپ جەڭ قىلىدىغان قوماندانـ
لىرى بار ئىكەن. بۇ قېتىمقى قوراللىق توپىلاڭنى مۇشۇ
ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلاتنىڭ بىر نەچچە ئاساسلىق كاتـ
تىباشلىرى بىۋاستە قوزغىغان ۋە ئۇنىڭغا بىۋاستە قومانـ

دانلىق قىلغان.

(2) ئۇلارنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئەكسىيەتچىل سىياسىي تەشەببۇسى ۋە ئەكسىيەتچىل ھەرىكەت شوئارى بولغان. بۇ ئەكسىلئىنقىلابچىلار ئۇزاقتىن بۇيان ئۆز ئەزالىرى ئارىسىدا «خۇدا يولىدا جەڭ قىلىپ، ئازادلىق ۋە ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرەيلى!»، «كۇپپارلارنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلۇپ چىقايلى!» دېگەنلەرنى ھەدەپ تەرغىپ قىلغان. «غازات قىلىش كۇپپارلارنى يوقىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ» دەپ جار سالغان. ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنىڭ تەشكىللىگۈچىسى زەيدىن يۇسۇپنىڭ ئۆيىدىن قولغا چۈشكەن «غازات مىزانى» دا مۇسۇلمانلار قوراللىنىپ كۇپپارلارغا قارشى كۈرەش قىلىشقا قۇترىتىلغان. مۇسۇلمان ئەسكەرلەرنى قوماندانلىققا بويسۇنۇپ، غازاتقا قاتنىشىپ «تاجاۋۇزچىلار» نى يوقىتىشقا چاقىرىلغان. ئۇلار «پۈتۈن تۈرك مىللەتلىرى بىرلىشەيلى، ياشىسۇن ئۇلۇغ شەرقىي تۈركىستان!»، «ئىسلامىيەتنى گۈللەندۈرەيلى!»، «بارىن يېزىسىنى ئىشغال قىلىپ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى قۇرايلى!»، «ئىسلام دىنى ماركسىزمنى بېسىپ چۈشىدۇ!»، «ئىسلام پىدائىيلار قوشۇنى قۇرايلى!»، «سوتسىيالىزمغا قارشى تۇرايلى!» «خىتايلارنى شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقىرايلى!»، «خىتايلارنى قەتئىي يوقىتايلى! خىتايلارنى يوقاتمىغۇچە توختىمايمىز!»، «بىز پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويمايمىز، ئۇنى خىتايلار يولغا قويسۇن!»، «ئىسلامىيەت يولىدا ئۆلگەنلەر جەننەتكە كىرىدۇ، ئىسلامىيەت ئۈچۈن ياشىغانلار قەھرىمان بولىدۇ» دېگەن شوئارلارنى يازغان ۋە تۇۋلىغان. بۇ ئەكسىيەتچىل شوئارلار ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭچىلارنىڭ

كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇش، سوتسىيالىزمغا قارشى تۇرۇش ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاشتەك ئەكسىيەتچىل سىياسىي مۇددىئاسىنى تولۇق ئاشكارىلاپ بېرىدۇ.

(3) ئۇلار قورال ـ ياراق، ئوق ـ دورىلارنى مەخپىي سېتىۋالغان ۋە ياسىغان. بۇ قېتىم توپىلاڭنى تىنجىتىش داۋامىدا، قىسىملىرىمىز ئۇلار ئۆزى يەرلىك ئۇسۇل بىلەن ياسىغان نۇرغۇن گرانات، قول بومبىسى، پارتلاتقۇچ بومبا، قىلىچ قاتارلىق قوراللارنى قولغا چۈشۈردى، بۇ قورال ـ ياراق، ئوق ـ دورىلارنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ ۋە يېتەرلىك ئىكەن. بۇ ئۇلارنىڭ ئۇزاق مۇددەت تەييارلىق كۆرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ گراناتلىرىنىڭ بەزىلىرى چويۇندىن، بەزىلىرى پولات تۇرۇبىدىن ياسالغان، ئۇنىڭ زەربە بېرىش كۈچى ناھايىتى زور ئىكەن، ھەتتا بۇ نەرسىلەر ساندۇق ـ ساندۇقلاپ ساقلانغان ئىكەن. زوراۋانلارغا تارقىتىپ بېرىلگەن قىلىچلارنىڭ ئۇزۇنى 60 سانتىمېتر، قىسقىسى 30 سانتىمېتردىن ئارتۇق بولۇپ، بۇلارنىمۇ باشقا جايلاردا ئالاھىدە ياساتقان. زوراۋانلارنىڭ تاپشۇرۇشىچە، ئۇلار ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر يەرلىك گرانات ئېتىش بويىچە مەخسۇس تەربىيىلەنگەن.

(4) ئۇلار جامائەت خەۋپسىزلىك كادىر ـ ساقچىلىرىمىزنى باغلىغان ۋەقەتنى تۇرغان. 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى زوراۋانلار بارىن يېزىسىدا بازار بولغان كۈندىن پايدىلىنىپ، قەستەن جېدەل چىقارغان. بىر ئۇچۇم زوراۋانلار چۈشتىن كېيىن، ۋەزىيەت ئىجرا قىلىۋاتقان ئاقتو ناھىيىسىنىڭ بەش نەپەر جامائەت خەۋپسىزلىك كادىر ـ ساقچىسىنى باغلاپ تۇتۇپ كەتكەن، ئۇلارنىڭ ساقچى كىيىملىرىنى

سالدۇرۇۋالغان، قورالىنى ۋە سۆزلىشىش ئاپپاراتىنى تارتىپ-
ۋالغان ھەمدە ئۇلارنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكىلى تاس قالغان. 6-
كۈنى سەھەردە توپىلاڭنى تىنجىتىش قىسىملىرى يېتىپ
كېلىپ بۇ بەش نەپەر جامائەت خەۋپسىزلىك كادىر-ساق-
چىسىنى خېيىم-خەتەردىن قۇتقۇزۇۋالغان.

(5) بارىن يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىگە قورشاپ ھۇ-
جۇم قىلغان. زوراۋانلار خەلق ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ
تاشلاش ئۈچۈن، ھۇجۇم تىغ ئۇچىنى يېزىلىق ھۆكۈمەتكە
قاراتقان، پارتىيە، ھۆكۈمەت كادىرلىرىمىزنى ۋە تەرتىپ
ساقلاشقا بارغان جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر-ساقچىلى-
رىمىزنى، قوراللىق ساقچى قىسىملىرىمىزنىڭ كوماندىر-
جەڭچىلىرىنى يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسىنىڭ ئىچىدە ئون
نەچچە سائەت قورشىۋالغان ھەمدە يېزىلىق ھۆكۈمەت قو-
رۇسىنى غالجىرلىق بىلەن ئوققا تۇتقان ۋە ئۇنىڭغا گرا-
نات تاشلىغان.

(6) قوراللىق ساقچى قىسىملىرىمىزنىڭ كوماندىر-
جەڭچىلىرىنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر-ساقچىلىرى-
مىزنىڭ قورال-ياراقلىرىنى ۋە جابدۇقلىرىنى تارتىۋال-
غان. بۇ قېتىمقى ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ جەريانىدا،
زوراۋانلار جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر-ساقچىلىرىمىز-
نىڭ، قوراللىق ساقچى قىسىملىرىمىزنىڭ كوماندىر-جەڭ-
چىلىرىنىڭ قورال-ياراق، ئوق-دورىلىرىنى ۋە جابدۇقلىرىنى
غالجىرلارچە تارتىۋالغان. دەسلەپكى قەدەمدىكى سانلىق
مەلۇماتتىن قارىغاندا، ئۇلار 11 تاپانچا، ئۈچ ئاپتومات، ئون
نەچچە يۈرۈش ساقچى كىيىمى ۋە ئوق، ساقچى كالتىكى،
سۆزلىشىش ئاپپاراتى قاتارلىق نەرسىلەرنى بۇلاپ كەتكەن

ھەمدە چوڭ - كىچىك ئاپتوموبىلدىن توۋلىنى چىقىپ تاش-
لىغان.

(7) قوراللىق ساقچى قىسىملىرىمىزنىڭ كوماندىر -
جەڭچىلىرىنى ئىچىنىشلىق ھالدا ئۆلتۈرگەن، 4 - ئاينىڭ
5 - كۈنى كەچ سائەت 23 تە، بىر ئۇچۇم زوراۋانلار ئاق-
تۇ چېگرا مۇداپىئە چوڭ ئەترىتىنىڭ سىياسىي جياۋداۋيۈە-
نى شۇشىنجيەن، جەڭچى ۋاڭ جىنپىڭ، گوشۇۋېن، لۇجيەنخۇيلار
بارىن يېزىسىغا ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ئۈچۈن كېتىۋاتقاندا
ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇۋالغان. ۋەھشى زوراۋانلار «قاراڭ-
لار، بۈگۈن خۇدا بىزنىڭ ئالدىمىزغا تۆت خىتاينى ئەكې-
لىپ بەردى، ئۇلارنى ئۆلتۈرەيلى!» دەپ توۋلىغان ھەمدە
شۇ ھامان قوراللىق ساقچى قىسىملىرىمىزنىڭ بۇ تۆت
نەپەر كوماندىر - جەڭچىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن، ئۇلار ئادەم
ئۆلتۈرۈشتە ئىنتايىن قەبىھ ۋە چىداپ تۇرغىلى بولمايدى-
غان ۋاسىتىلەرنى قوللانغان. ئۇلار يولداش شۇشىنجيەن-
نىڭ پېشانىسىنىڭ بىر يېرىگە، كوكرىكىنىڭ ئوندەك يېرى-
گە پىچاق تىققان، نەتىجىدە ئۇنىڭ ئۆپكىسى
كۆرۈنۈپ قالغان. ئۇلار يولداش لۇجيەنخۇينىڭ بوينىنى
كەكە بىلەن چاپقان، نەتىجىدە ئۇنىڭ بېشى بوينىدىن
ئاجراپ كەتكىلى تاس قالغان، ئۇلار يەنە ئۇنىڭ بەدىنى-
نىڭ ئوندەك يېرىگە پىچاق تىققان، يولداش ۋاڭ جىڭ-
پىڭنىڭ بوينىنىڭ تۆت يېرىگە پىچاق تىققان، پىچاق تى-
قىلغان جاينىڭ چوڭقۇرلۇقى ئالتە سانتىمېتىردىن ئاشىدۇ،
زوراۋانلار يەنە ئۇنىڭ بىلىكىنىڭ تۆت يېرىگە پىچاق
تىققان، سول قولىنىڭ بىگىز بارمىقىنى كېسىپ تاشلىغان.
يولداش گوشۇۋېننىڭ بوينىنىڭ بىر يېرىگە پىچاق

تىققان، ئوك قولىقىنى كېسىۋەتكەن، كۆكرىكى، قورسىقى ۋە بېلىكىنىڭ ئوندەك يېرىگە پىچاق تىققان. ئۇزۇن ئۆت- مەي، زوراۋانلار يەنە شۇ جايدا قوراللىق ساقچى قىسىم- لىرى قەشقەر تارماق ئەترىتى ئىككىنچى چوك ئەترىتى، ئالتىنچى ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ بەنجاڭى ۋۇ يوك، مۇئاۋىن بەنجاڭى تيەن چۇڭفېڭلارنى ئاپتوموبىلدىن تارتىپ چۈشۈ- رۈپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. تيەن چۇڭفېڭنىڭ توققۇز يېرىگە پى- چاق تىقىپ، ئۇنى شۇ جايىنىڭ ئۆزىدىلا ئېچىنىشلىق هال- دا ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ۋۇ يوڭنى تۇتۇۋېلىپ ئۆيگە ئېلىپ كى- رىپ ئاۋۋال كالتەك، گۈرجەك بىلەن قاتتىق ئۇرغان، ئاندىن كېيىن چېچى بىلەن قوشۇپ باغلاپ ياغاچ تۈۋرۈككە ئېسىپ قويغان، نەتىجىدە ئۇنىڭ بېشىنىڭ تېرىسى سويۇ- لۇپ كەتكەن، زوراۋانلار يەنە ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ 30 نەچ- چە يېرىگە پىچاق تىققان، ئوك قولىنىڭ بىگىز بارمىقى، ئوتتۇرا بارمىقىنى كەكە بىلەن چاناپ تاشلىغان. سول پۇتىنى سۇندۇرۇۋەتكەن، ئۇنىڭ جەسىتىنى هاجەتخانىغا كۆمۈۋەتكەن.

دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش ۋە دەلىللەشكە قارىغاندا، بۇ قېتىمقى ئەكسىلئىنقىلابىي قورال- لىق توپىلاڭنىڭ بىر نەچچە باش تاپانچىسىنىڭ بەزىسى ئادەم ئۆلتۈرۈپ قېچىپ يۈرگەن جىنايەتچى، بەزىسى ئەم- گەك بىلەن ئۆزگەرتىپ قويۇپ بېرىلگەن جىنايەتچى، بەزى- سى كەسپىي ئوغرى ۋە لۈكچەك. ئۇلار ئەكسىيەتچىل مەي- داندا چاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇپ، بۇ قېتىمقى ئەكسىل- ئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭغا بىۋاسىتە قوترىتقۇلۇق قىل- غان ۋە قوماندانلىق قىلغان، ئۇلارنىڭ جىنايىتى ئىنتايىن ئېغىر بولۇپ چېكىدىن ئاشقان.

نىڭ ئارقا سەپ قوماندانى بولۇپ، قېچىش يولىدا، بىز تەرەپتىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى، ئۇنىڭ يېنىدىن 4000 يۈەن پۇل ئاقتۇرۇپ تېپىلدى.

ئابدۇرېھىم تۇردى، ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭدا خەۋەرلىشىش، ئالاقىلىشىش ئىشلىرىغا ۋە يەرلىك ئۇسۇلدا گرانات ياساشقا مەسئۇل بولغان (تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتىدۇ).

مەھەممەت تۇردى، ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنىڭ قاتناش قوراللىرىغا ۋە ئات - ئۇلاق سېتىۋېلىش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان، ئۇ توپىلاڭ تىنجىتىلغاندىن كېيىن، تاغقا چىقىۋېلىپ جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەچكە، بىز تەرەپتىن نەق مەيداندا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى.

ئەخەت تىلىۋالدى، ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ 1 - شتابىنىڭ قوماندانى، ئۇ جەڭچىلەرنى قاتتىق ئۇرۇش، قورال بۇلاشقا قاتناشقان (ھازىر تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتىدۇ).

تۇرغۇن ئىسھاق، ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ 2 - شتابىنىڭ قوماندانى (ھازىر تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتىدۇ).

مەھەممەت تۇرسۇن، 23 ياش، پىلال يېزىسى 14 - كەنتىدىن، توپىلاڭدىكى تايانچ ئۇنسۇر. 1989 - يىل 10 - ئايدا ئوغرىلىق جىنايىتى بىلەن ئالتە ئايلىق قاماق جازاسى بېرىلگەن، بۇنىڭدىن ئىلگىرى لۈكچەكلىك، ئوغرىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۈچ قېتىم جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىمىز تەرىپىدىن تۇتۇپ تۇرۇلغان. قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى» دېگەن بۇ ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلاتقا قاتنىشىپ،

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزۇش، ۋەتەن بىرلىكىنى پارچىلاشقا دائىر ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات بىلەن كۆپ قېتىم شۇغۇللانغان. ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ داۋامىدا، ئۇ بىر پىلىموت، بىر تاپانچا، بىر يورۇش ساقچى كىيىمىنى بۇلىۋېلىپ، قوراللىق ساقچى قىسىملىرىمىزنى غالجىرلارچە ئوققا تۇتقان. ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ تىنجىتىلغاندىن كېيىن، ئۇ 4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى سەھەردە قورال - ياراقلارنى ئېلىپ ئاتلىق قېچىپ كەتكەن، بىز تەرەپ ئۇنى قوغلاپ كەلگەندە، ئۇ داۋاملىق جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەچكە، نەق مەيداندا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى.

سىدىقھاجى ئىسھاق، 26 ياش، بارىن يېزىسى سايباغ كەنتىدىن، توپىلاڭدىكى تايانچ ئۇنسۇر. 1990 - يىل 3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى» دېگەن ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلاتقا قاتناشقان. ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ داۋامىدا ئىنتايىن غالجىرلىشىپ قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ئۇلارنىڭ بىر پىلىموتىنى بۇلاپ كەتكەن ھەمدە ئۆزلىرى تۇتۇپ كەتكەن قوراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىلىرىگە نازارەت قىلغان. يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسى ئىچىگە ئۈچ دانە گرانات تاشلىغان. 4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئۆيىگە يوشۇرۇنۇۋالغاندا قولغا چۈشتى. ئۇنىڭدىن بىر پىلىموت، بىر گرانات ئېلىپ تاشلاندى.

ئابلا قاسىم، 30 ياش، بارىن يېزىسى قوغان كەنتىدىن. 1990 - يىل 3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى» دېگەن ئەكسىلئىنقىلابىي

تەشكىلاتقا قاتناشقان ھەمدە قەسەم ئىچكەن. 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى توپىلاڭچىلارنىڭ كاتتىباشلىرىنىڭ ئىش تەقسىم قىلىشىش يىغىنىغا قاتناشقان، ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ مەزگىلىدە، ئۇ كۆرۈك تۆپىدە گۈزەتچىلىك قىلغان، كۆپ قېتىم قىسىملارنىڭ ماشىنىسىنىڭ ئالدىنى توسقان. كادىر - ساقچىلىرىمىزنىڭ بىر تاپانچىسىنى تارتىۋالغان ھەمدە قوراللىق ساقچى قىسمىمىزغا دەھشەتلىك ئوق چىقارغان. 4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى بارىن يېزىسىدا قولغا چۈشتى، ئۇنىڭدىن بىر تاپانچا ئولجا ئېلىندى.

باشقا تاپانچ ئۇنسۇرلار سوراق قىلىنىۋاتىدۇ.

### 3. توپىلاڭنى تىنجىتىش كۈرىشىنىڭ تېز غەلىبە قىلىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب

بۇ قېتىمقى بارىن يېزىسىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى يۈز بېرىپ، 4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئاساسىي جەھەتتىن تىنجىتىلىپ بولدى. بۇ توپىلاڭنى نېمە ئۈچۈن ناھايىتى قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە تېز تىنجىتىپ، توپىلاڭنى تىنجىتىش كۈرىشىنىڭ ھەل قىلغۇچ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرەلىدۇق؟ بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى مۇنداق:

1) بۇ قېتىمقى ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنى تىنجىتىش كۈرىشىدە باشتىن - ئاخىر پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى، غەمخورلۇقى ۋە قوللىشىغا ئېرىشىپ كەلدۇق. توپىلاڭ يۈز بەرگەندىن كېيىن، مەر-

كەزدىكى باش شۇجى جياڭ زېمىن، زوڭلى لى پېڭ، ھەر-بىي ئۆلكىلار كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ليۇخۇاچيڭ قاتارلىق رەھبەرلەر ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنى تىنجىتىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى، توپىلاڭنى تىنجى-تىشنىڭ ھالقىلىق پەيتىدە ۋە توپىلاڭ تىنجىتىلغاندىن كېيىن، ئىشخانىسىدىكى يولداشلار ئارقىلىق ياكى ئۆزى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە جەنۇبىي شىن-جاڭ قوماندانلىق شتابىغا كۆپ قېتىم تېلېفون بېرىپ ئەھۋاللارنى سوراپ، بىزدىن مەركەزنىڭ ھەل قىلىپ بېرىشىگە تېگىشلىك قىيىنچىلىقلار بارمۇ دەپ سوراپ تۇردى ھەم توپىلاڭنى تىنجىتىش خىزمىتىگە ئىنتايىن مۇھىم يوليورۇق بېرىپ تۇردى. بۇنىڭ بىلەن بۇ ۋەقەنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئېنىق نىشانغا ئىگە بولۇپ، ئەكسىل-ئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنى قەتئىي تېز تىنجىتتۇق. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى يەنە شىنجاڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىغا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە، شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا ھال سوراش تېلېگراممىسى ئەۋەتتى، بۇنىڭدىن بىز چوڭ-قۇر ئىلھاملاندۇق. مەركىزىي كومىتېت يەنە قوراللىق ساقچى قىسىم زۇڭبۇسىنىڭ مۇئاۋىن سىلىڭيۈەنى ۋاڭ ۋېنلى بىلەن جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكى بىرىن-چى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى تەن سۇڭچۇنى قەشقەرگە خىز-مەت گۇرۇپپىسىنى باشلاپ كېلىپ خىزمەتلەرگە يېتەكچى-لىك قىلىشقا ئەۋەتتى. بۇ ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنى تىنجىتىشىمىزغا بېرىلگەن ناھايىتى زور مەدەت ۋە ياردەم.

2) ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ۋە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى مەركىزىي كومىتېتنىڭ يولىيورۇقىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېقىندىن ماسلىشىپ، ھەمكارلىشىپ جەڭ قىلىپ، كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنى تېز تىنجىتتى. 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بارىن يېزىسىدىكى ۋەقەنىڭ جىددىي ئەۋج ئېلىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى تېلېفوننى ئالغاندىن كېيىن، دەرھال يىغىن ئېچىپ، تەدبىر تۈزۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭ قوماندانلىق شتابى قۇرۇشنى قارار قىلىپ، قوماندانلىق شتابىنىڭ خىزمىتىگە قەشقەردە يېزىلاردا تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش ئېلىپ بېرىۋاتقان، خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈۋاتقان يولداش لى شۇشەننى ئوموميۈزلۈك مەسئۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي ئىشلار كومىتېتى، پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى قاتارلىق تارماقلاردىكى رەھبىرىي يولداشلارنى كېچىلەپ ئاقتۇ ناھىيىسىگە بېرىپ خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشقا ئەۋەتتى. 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى كەچتە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بارىن يېزىسىدىكى ۋەقەنىڭ داۋاملىق يامانلىشىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، كېچىلەپ دائىمىي ھەيئەت يىغىنى چاقىرىپ، ئەھۋالنى دەرھال مەركەزگە دوكلات قىلدى، تەدبىر تۈزۈپ چىقتى ھەمدە بارىن يېزىسىدىكى ئەھۋالنى ۋىلايەت، ئوبلاستلارغا خەۋەر قىلدى،

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى
تۆمۈر داۋامەتنى، مۇئاۋىن رەئىسى جىن
يۈكخۈينى قەشقەرگە ئەۋەتىپ، قوماندانلىق شتابىنىڭ
رەھبەرلىكىنى كۈچەيتتى. ھازىر يولداش تۆمۈر داۋامەت
قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يولداش ھامىدىن نىياز باردى.
شىنجاڭ ھەربىي رايوننىڭ سىلىڭيۈەنى يولداش گاۋ خۇەن-
چاڭ مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ بۇيرۇقىغا
بىنائەن قەشقەرگە بېرىپ بىۋاستە قوماندانلىق قىلدى.
بۇ مەزگىلدە سىرتتا بولۇۋاتقان يولداش ۋاڭ ئېنماۋمۇ
ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن توپىلاڭ-
نى تىنچىتىش خىزمىتىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، كۆپ
قېتىم تېلېفون بېرىپ، مۇھىم يوليورۇق بېرىپ تۇردى،
ئاپتونوم رايوندىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ئورۇنلىرىنىڭ
بىردەك ھەمكارلاشقانلىقى، توغرا تەدبىر كۆرگەنلىكى، بىرلىكتە
قوماندانلىق قىلغانلىقى ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنى
تىنچىتىش كۈرىشىدە غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ مۇھىم
كاپالىتى.

3) جەنۇبىي شىنجاڭ ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق تو-
پىلاڭنى تىنچىتىش باش شتابى لى شۇشەن، دۇەن چاڭ-
جېن قاتارلىق يولداشلارنىڭ رەھبەرلىكىدە، قاتتىق غەيرەت
قىلىپ، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، كەسكىن، تېز ھەرىكەت
قىلىپ، ئىنتايىن قىيىن ئەھۋال ئاستىدا، مىنۇت، سېكۇنت-
نى قولدىن بەرمەي، ئەسكەر كۈچى يۆتكەپ، ناھايىتى
كۈچلۈك قوماندانلىق قىلدى. ھەرقايسى قىسىملار تېز
ھەرىكەتلىنىپ، بەلگىلەنگەن ئورۇنغا ۋاقتىدا يېتىپ باردى.
ئارمىيە، جامائەت خەۋپسىزلىكى، قوراللىق ساقچى قىسىم

ۋە بىكىتۇۋەن، يەرلىكتىكى خەلق ئەسكەرلىرى يېقىندىن ماسلىشىپ، ھەرىكەتتە بىردەك بولۇپ، ھەمكارلىشىپ، جەڭ قىلىپ، بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنى تېزدىن تىنجىتتى.

4) ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنى تىنجىتىشقا قاتناشقان خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى، قوراللىق ساقچى قىسمىنىڭ كوماندىر جەڭچىلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر ساقچىلىرى ۋە بىكىتۇۋەن، يەرلىكتىكى ھەر مىللەت خەلق ئەسكەرلىرى مۇستەھكەم مەيداندا تۇرۇپ، ئىنتىزامغا قاتتىق رىئايە قىلىپ، يۈكسەك سىياسىي ئېڭىنى ۋە ھەربىي ساپاسىنى نامايەن قىلدى. ئۇلار ئىنتايىن مۇرەككەپ ئەھۋال ئاستىدا، سىياسەتنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، بۇيرۇققا ئىنائەت قىلىپ، قوماندانلىققا بويسۇنۇپ، ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭچىلارغا قارشى قەتئىي كۆرەش قىلدى. خەلقنى قوغداش، ئاممىنى زەخىملەندۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئەكسىلئىنقىلابچىلار بىلەن ئامما ئارىلىشىپ كەتكەن مۇرەككەپ ئەھۋال ئاستىدا، ئۆزلىرى قورشاۋدا قالسىمۇ، تاياق يېسىمۇ، مەسىلىنى سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىشتا باشتىن ئاخىر چىڭ تۇردى. دۈشمەن بىزگە ئوت ئاچقان، گىرانات تاشلىغاندىن كېيىن، تاقەت قىلىپ تۇرغىلى بولمايدىغان ئەھۋالدا، قوراللىق ساقچى قىسىم كوماندىر - جەڭچىلىرىمىز، جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر - ساقچىلىرىمىز ئاندىن قايتۇرما زەربە بېرىشكە ئۆتتى. ئۇلار ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىنى قوغدىدى، خەلق ھاكىمىيىتىنى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتى ۋە مال مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدىدى.

قىزىلسۇ ئوبلاستى، قەشقەر ۋىلايىتى، بىڭتۇەن 3 ـ دىۋىزىيىسىدىكى ھەر مىللەت خەلق ئەسكەرلىرى ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنى تىنجىتىش بۇيرۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، كېچىلەپ يىغىلىپ ئۇرۇشقا قاتنىشىپ، ئۇرۇش ئارقا سېپى ئۈچۈن خىزمەت قىلدى. بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنى تىنجىتىشنىڭ ھەل قىلغۇچ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، قېچىپ كەتكەن ئەكسىلئىنقىلابىي زوراۋانلارنى قوغلاپ تۇتۇش ئۈچۈن، قوغلاپ تۇتۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان قىسىملاردىكى كوماندىر ـ جەڭچىلەر دېڭىز يۈزىدىن 4000 مېتىر ئېگىز سوغۇق رايوندا، باشتىن ـ ئاخىر يۈكسەك ئىرادىدە تۇرۇپ، ئۇدا جەڭ قىلىپ، ئاخىرى ۋەزىپىنى غەلىبىلىك ئورۇندىدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى، قوراللىق ساقچى قىسىم كوماندىر ـ جەڭچىلىرى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر ـ ساقچىلىرى، ھەر مىللەت خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ياراتقان كۆرۈنەرلىك تۆھپىسىنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، توپىلاڭنى تىنجىتىش كۈرىشىدە قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان يەتتە نەپەر ئىنقىلابىي قۇربان چېگرا رايونىنىڭ قوغدىغۇچىسى بولۇشقا مۇناسىپ، ئۇلار ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ.

5) توپىلاڭنى تىنجىتىش كۈرىشىدە كەڭ كادىرلار ۋە ئامما مەيدانى مۇستەھكەم ھالدا كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ خىزمەتلەرنى باشلامچىلىق بىلەن ياخشى ئىشـ

لەپ، بۇ توپىلاڭنى تىنجىتىش ئۈچۈن زور تۆھپە قوشتى. بولۇپمۇ قىزىلسۇ ئوبلاستى ۋە ئاقتۇ ناھىيىسىدىكى زور بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى بارىن يېزىسىدا ئاز ساندىكى بۇزۇق كىشىلەر قوتراتقۇلۇق قىلىپ غەۋغا توغدۇرغاندىن تارتىپ ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ تىنجىتىلغانغا قەدەر بىرىنچى سەپتە باتۇرانە كۆرەش قىلىپ كەلدى. ئۇلار زوراۋانلارنىڭ تەھدىتى ۋە قورشاپ قېلىشىدىن قورقماي، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت ئىشلەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئاممىۋى خىزمەت ئىشلەپ، پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىپ ئاممىنى قولغا كەلتۈرۈپ، زوراۋانلارنى پاش قىلدى. ئۇلار خەنزۇ كادىرلارنى قوغداپ قالدى، خەنزۇ كادىرلارغا نەق مەيدانغا بارماسلىق ھەققىدە نەسىھەت قىلىپ، ئۆزلىرى 1 - سەپكە بېرىپ خىزمەت ئىشلىدى. ئاقتۇ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەرجىمانى ئادىل قىسمىغا يول باشلىغۇچى بولۇشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەلەپ قىلىپ، زوراۋانلارغا قوغلاپ زەربە بەرگەندە ئالدىدا مېڭىپ توپىلاڭنى تىنجىتىش يولىدا ئۆز ھاياتىنى باتۇرلارچە پىدا قىلدى.

توپىلاڭنى تىنجىتىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا، ھەر مىللەت خەلقى پارتىيە، ھۆكۈمەت بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ قىسمىنىڭ جەڭ قىلىشىغا پائال ماسلىشىپ، ئارقا سەپ تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىپ، توپىلاڭغا ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن قەتئىي قارشى تۇردى ھەم بۇزۇق كىشىلەرنى ئارقا - ئارقىدىن ئاشكارىلىدى، پاش قىلدى. توپىلاڭ يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى، يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ ئەگۈس يېزىسىدىكى بىر دېھقاننىڭ بىر ياخشى ئېتى بولۇپ، توپىلاڭچىلار 3500 يۈەن پۇل بىلەن

ئۇنىڭ ئېتىنى سېتىۋالماقچى بولغاندا، ئۇ ھوشيارلىق بىلەن «ئاتنى سېتىۋېلىپ نېمە قىلىسىلەر» دەپ سورىغان. ئات سېتىۋالغۇچى «ئىسلامىيەت ئۈچۈن جەڭ قىلىمىز» دېگەن. ئۇ بۇزۇق كىشىلەرنى ئەدەبلەش يۈزىسىدىن، بىر تەرەپتىن ئاتنى يۆتكىۋەتسە، بىر تەرەپتىن ئەھۋالنى رەھبەرلىككە دوكلات قىلغان. بۇنىڭ بىلەن بۇ توپىلاڭچى ئاخىر قانۇن تورىغا چۈشكەن. ئازادلىق ئارمىيە قېچىپ يۈرگەن زوراۋانلارنى قوغلاپ زەربە بەرگەندە، ئۇ ئېتىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قىسىملارنىڭ ئىشلىتىشىگە بەرگەن. بۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پارتىيىنى قىزغىن سۆيۈش، سوتسىيالىزمنى قىزغىن سۆيۈش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتەك يۈكسەك ئېڭىنى تولۇق نامايەن قىلدى، گەۋدىلەندۈردى، ھەر مىللەت كادىرلىرى، ئاممىسى ئوتتۇرىسىدىكى چوڭقۇر مۇھەببەتنى گەۋدىلەندۈردى.

6) قىزىلسۇ ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتى، خەلق ھۆكۈمىتى، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى، مەمۇرىي مەھكىمە توپىلاڭنى تىنجىتىش كۈرىشىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن جاپالىق، ئىنچىكە، ئۇنۇملۇك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. قىزىلسۇ ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتى بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ھەرقايسى تارماقلاردىكى پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلىنىپ، كېچە-كۈندۈز بىرىنچى سەپتە كۈرەش قىلىپ، ئاممىۋى خىزمەت ئىشلەشتە چىڭ تۇرۇپ، قىسىملارنىڭ توپىلاڭنى تىنجىتىش كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇشىغا پائال ماسلاشتى. ئوبلاست رەھبەرلىرى خىزمەت گۇرۇپپىسىنى

باشلاپ ئالدىنقى سەپكە بېرىپ قوماندانلىق قىلدى، تو-
پىلاڭنى تىنجىتىش تەدبىرلىرىنى مۇھاكىمە قىلدى، توپىلاڭ
تىنجىتىلغاندىن كېيىن، ئاممىنى يەنە دەرھال ھەرىكەتلەندۈ-
رۈپ، بارىن يېزىسىدىكى ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش،
تۇرمۇش تەرتىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە ياردەم بېرىپ،
ئاممىنىڭ كۆڭلىنى تىنجىتىپ، پۈتۈن ئوبلاستىنىڭ مۇقىملىق
خىزمىتى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى. قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ھەر
دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى، ھەرقايسى
تارماقلار توپىلاڭنى تىنجىتىش كۈرىشىگە كۈچلۈك ياردەم
بەردى. ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى بىلەن مەمۇرىي
مەھكىمە جىددىي پەيتتە ئېغىر يۈكنى باتۇرلارچە زىممىسىگە
ئېلىپ، بارلىق كۈچى بىلەن ھەرقايسى تەرەپلەردىن قو-
ماندانلىق شتابى ئۈچۈن خىزمەت قىلدى. قەشقەر پوچتا-
تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىرى رادىئو ئىستانسىسىغا ئۆزى
يېتەكچىلىك قىلىپ، قوماندانلىق شتابى ئۈچۈن خىزمەت
قىلىپ، خەۋەرلىشىش ئىشلىرىنىڭ راۋان بولۇشىغا كاپا-
لەتلىك قىلدى. قېچىپ يۈرگەن زوراۋانلارنى
قوغلاپ تۇتۇش كۈرىشىدە، ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى
بىلەن مەمۇرىي مەھكىمە يېڭىسار، كونىشەھەر، يېڭىشەھەر
ناھىيىسىدىكى ۋە تاشقورغان ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى كا-
دىرلار، ئامما ۋە خەلق ئەسكەرلىرىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن
ئاتلىنىپ، قىسىملارنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي زوراۋانلارنى قوغ-
لاپ تۇتۇشىغا پائال ماسلىشىشقا ئورۇنلاشتۇردى. ۋىلايەت
بويىچە جەمئىي 2000 دىن كۆپ خەلق ئەسكەرلىرى قاچ-
قان جىنايەتچىلەرنى توسۇش ھەرىكىتىگە قاتناشتى، شۇنىڭ
بىلەن بىرگە قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى بىلەن

مەمۇرىي ھەكىمە يەنە ۋىلايەت بويىچە توپىلاڭنىڭ ئال-
دىنى ئېلىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ئورۇنلاشتۇرۇپ، جەم-
ئىيەت ئەھۋالى ۋە دۈشمەن ئەھۋالىنى يېقىندىن كۆزىتىپ،
قەشقەرنى مۇقىملاشتۇرۇش، جەنۇبىي شىنجاڭنى مۇقىملاش-
تۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشتى.

### 4. توپىلاڭ تىنچىتىلغاندىن كېيىنكى بىر قانچە ئوي-پىكىر

بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قو-
راللىق توپىلاڭ بىر قېتىملىق ئىنتايىن ئېغىر ۋەقە بولۇپ،
ئۇ شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان
ۋەقە، توپىلاڭنىڭ تېز تىنچىتىلغانلىقى ناھايىتى زور غە-
لىبە، شۇنداقلا ئىچكى - تاشقى بۆلگۈنچى كۈچلەرگە بې-
رىلگەن بىر قېتىملىق قاقشاتقۇچ زەربە، بۇ جەنۇبىي شىن-
جاڭنى يەنىمۇ مۇقىملاشتۇرۇشتا ۋە پۈتۈن ئاپتونوم رايو-
نىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇ-
نىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىزنىڭ ئىچكى - تاشقى دۈشمەن
كۈچلەرنىڭ سۈيىقەستى ۋە بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى
تارمار قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملى-
قىنى قوغداشقا تامامەن قۇربىمىز يېتىدىغانلىقىنى تولۇق
ئىسپاتلايدۇ.

بۇ قېتىمقى ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنىڭ
ماھىيىتى كومپارتىيە رەھبەرلىكىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى
تۇرۇش، خەلق ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا، ۋەتەننىڭ
بىرلىكىنى پارچىلاشقا ئۇرۇنۇشتىن ئىبارەت. ئۇ مىللىي
مەسىلىمۇ ئەمەس، دىنىي مەسىلىمۇ ئەمەس، بەلكى بىر
ئۆتكۈر، كەسكىن سىنىپىي كۈرەش. بۇ قېتىمقى ئەكسىل-

ئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ شىن-
جاڭنىڭ چەت يېزىسىدا يۈز بېرىدۇ، يەنە كېلىپ نېمە
ئۈچۈن ھازىرقى ۋەزىيەتتە يۈز بېرىدۇ؟ بەزى مەسىلىلەر
ھەققەتەن يەنىمۇ ئويلاپ كۆرۈشىمىز ۋە تونۇپ يېتىشى-
مىزگە ئەرزىيدۇ.

1) «شەرقىي تۈركىستان» مۇستەقىللىك بايرىقىنى
كۆتۈرۈۋالغان ئىچكى - تاشقى بۆلگۈنچى كۈچلەر شىنجاڭ-
نىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان ئاساسلىق خەۋپ.
بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق
توپىلاڭ بىز چىقارغان بۇ ھۆكۈمنىڭ سۇبيېكتىپ ئىرادە
بويىچە چىقىرىلغان ھۆكۈم بولماستىن، بەلكى ئوبيېكتىپ
رېئاللىق ھالدا! توغرا يىغىنچاقلانغان ھۆكۈم ئىكەنلىكىنى
يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر ئىسپاتلاپ بەردى. ئەگەر بەزى
كىشىلەرنىڭ ئۆتكەندە بۇ مەسىلىگە قارىتا تونۇشى يېتەر-
لىك ياكى چوڭقۇر بولمىغان بولسا، ئۇنداقتا بۇ قېتىمقى
قانلىق ۋە يالقۇنلۇق كۈرەش ئارقىلىق، ئۇلار سەگەك
ۋە چوڭقۇر تونۇشقا ئىگە بولۇشى كېرەك. پارتىيىگە، سوت-
سىيالىزمغا قارشى ئىنتايىن ئاز ساندىكى بۆلگۈنچى ئۇن-
سۇرلار ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش يولىدىكى سۇيى
قەستلىك ھەرىكەتلىرىنى بىر كۈنمۇ توختاتقىنى يوق. ئۇ
زۇندىن بۇيان، شىنجاڭدا ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش بىلەن ۋەتەننىڭ بىرلى
كىنى پارچىلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق
قىلىش كۈرىشى ئىزچىل تۈردە مەۋجۇت بولۇپ كەلدى
ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ب
كۈرەشمۇ مۇرەككەپلەشتى ۋە ئېغىرلاشتى. بۇلتۇر بېيجىڭد

ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ يۈز بەرگەندىن كېيىن، بولۇپمۇ شەرقىي ياۋروپادا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۆزگىرىش ۋە قالايمىقان داۋالغۇش يۈز بەرگەندىن بۇيان، بۇ كۈرەش تېخىمۇ كەسكىنلەشتى، شۇنداقلا تېخىمۇ رېئاللىققا ئايلاندى. بارىن يېزىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغان بىر ئوچۇم ئەكسىلئىنقىلابچىلار يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ بىز بىلەن ئاشكارا ئېلىشتى. كىشىنى چۆچۈتىدىغان بۇ كۈرەش مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ ئەكسىيەتچى سىياسىي كۈچ ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ھامان بىر كۈنى پۇرسەت تېپىپ ئەكسىلئىنقىلابىي بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشەندۈرۈپ بەردى. بۇنى ئۇلارنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتى بەلگىلىگەن، بۇ كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق ئەمەس. بىز بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلىرىدىن ھەر قاچان يۈكسەك ھوشيار تۇرۇشىمىز، ئۇنىڭغا ھەرگىز بىپەرۋالىق قىلماسلىقىمىز كېرەك. بۆلگۈنچىلىك قىلىش بىلەن بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرەش بولۇپلا قالماستىن، بەزىدە ئۇ، ناھايىتى كەسكىنلىشىپ كېتىدۇ. بىز جەزمەن بۆلگۈنچىلىككە قارشى ستراتېگىيىلىك ئېڭىمىزنى مەھكەم تۇرغۇزۇپ، سىنىپىي كۈرەش ۋە دۈشمەن ئەھۋالى قارىشىمىزنى كۈچەيتىشىمىز، بۆلگۈنچى كۈچلەرگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك. بۇ قېتىمقى بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ يەككە - يېگانە ۋەقە ئەمەس. ھازىر جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بەزى جايلاردا بارىن يېزىسىدا توپىلاڭ يۈز بېرىشتىن ئىلگىرىكى ئەھۋاللارغا تولىمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان نورمالسىز

ئەھۋاللار بايقالدى. مۇقىمسىزلىق ئامىللىرى روشەن مەۋ-
جۇت بولۇپ تۇرماقتا. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېت-
لىرى، ھۆكۈمەتلەر ۋە تارماقلار يۈكسەك دەرىجىدە ھوش-
يار تۇرۇشى كېرەك. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇ-
قىملىق ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان چوڭ ئىش دېگەن
روھىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پار-
تىيە كومىتېتىنىڭ مۇقىملىقنى تۇتۇش ھەققىدىكى بىرقا-
تار خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈ-
رۈپ، ۋەقەنى يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان چوڭ مالىمان-
چىلىق ۋە تۇيۇقسىز ۋەقەلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا قارىتىپ،
مۇقىملىق مەركەز قىلىنغان تۈرلۈك خىزمەتلەرنى تىرىشىپ
ياخشى ئىشلىشى لازىم.

2) جامائەت پىكرى خىزمىتىگە يۈكسەك دەرىجىدە
ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. يولداش ماۋزېدۇڭ: بىر ھاكى-
مىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن، ھامان ئالدى بىلەن
جامائەت پىكرى توپلاشقا، ھامان ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى
خىزمەتنى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. ئىنقىلابىي سىنىپلار
شۇنداق قىلىدۇ، ئەكسىلئىنقىلابىي سىنىپلارمۇ مۇشۇنداق
قىلىدۇ، دېگەنىدى. بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن بۇ قېتىم-
قى ۋەقە ھەم جامائەت پىكرى خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىنى
چۈشەندۈرۈپ بەردى، ھەم بىزنىڭ جامائەت پىكرى خىز-
مىتىمىزدە ساقلانغان مەسىلىلەرنى ئاشكارىلاپ قويدى. بۇ
بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، بۇرژۇئازىيە ئەركىنلەشتۈرۈش
ئىدىيىسىنىڭ تەسىرى بىلەن، مائارىپ، ئەدەبىيات - سەن-
ئەت، ئاخبارات، نەشرىيات، ئىدىيە - نەزەرىيە، تەشۋىقات،
جامائەت پىكرى ساھەسىدە، بەزى كىشىلەر دەرس سۆز-

لەش، ماقالە يېزىش، ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنى يېزىش، كىتاب چىقىرىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، تارىخنى بۇرمىلاپ، خەلق ئاممىسىغا، بولۇپمۇ ياش ئوقۇغۇچىلارغا ئەكسىيەتچىل ئىدىيىنى سىڭدۈردى، ئىسلام روھىنى تەشۋىق قىلدى، ساغلام بولمىغان دەر خىل كەيپىياتلارنى تارقاتتى، ئاتالمىش «مۇستەقىللىك، ئازادلىق، ئەركىنلىك، ئويغىنىش» دېگەنگە ئوخشاش خاتا نوقتىئىنەزەرلەرنى تەرغىپ قىلدى ۋە پۈدەپ كۆككە كۆتۈردى، ھەتتا بۆلگۈنچىلىك كەيپىياتىنى قوزغىتىپ، بۆلگۈنچىلىك قىلىدىغان جامائەت پىكرى پەيدا قىلدى. بۇ جەھەتتىكى مەسىلىلەر رېئال زىيان ۋە ئېغىر ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئەمدى بۇنداق ئەھۋالنىڭ داۋاملىشىپ كېتىۋېرىشىگە يول قويۇشقا بولمايدۇ. بىز ئاكتىپ، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، جامائەت پىكرى خىزمىتىنى كۈچەيتىشىمىز، بولۇپمۇ يېزىلاردىكى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، سوتسىيالىستىك ئىدىيە ئارقىلىق يېزىلاردىكى ئىدىيە، مەدەنىيەت ئىستىھكامىنى ئىگىلىشىمىز، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدايدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى قوغدايدىغان، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرىدىغان قۇدرەتلىك ئىجتىمائىي جامائەت پىكرى مۇھىتىنى ھەقىقىي تۇردە يارىتىشىمىز كېرەك.

3) يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋە ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش كېرەك. بۇ بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلات-

لىرى ۋە ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىدىغان بولدى، بۇنداق قىلىش ناھايىتى مۇھىم. لېكىن ئومۇمەن قارىغاندا، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى يەنىلا ئاجىز ھالقا بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. بەزى يېزا پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە يېزىلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئاجىز، چېچىلاڭغۇ ھالەتتە تۇرۇۋاتىدۇ. نۇرغۇن پارتىيىلىك كادىرلار ئاۋانگارت، نەمۇنىلىك رول ئوينىيالمايۋاتىدۇ. يېزىلاردا خېلى ساندىكى پارتىيە ئەزالىرى تېخى دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىۋاتىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، بەزى دىنىي زاتلار يېزىلاردا تولىمۇ جانلىنىپ كەتتى، نۇرغۇن ئامما، جۈملىدىن بەزى كادىرلارمۇ ئۇلارنىڭ سىزىقىدىن چىقالماس بولۇپ قالدى. بۇ قېتىمقى بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنى تىنجىتىش كۈرىشى داۋامىدا، كۆپ ساندىكى پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارنىڭ ئىپادىسى ئومۇمەن ياخشى بولدى. لېكىن، يەنە بەزى پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ئەكسىيەتچىل كۈچلەردىن قورقۇپ، خىزمەت ئورنىدىن ئايرىلىپ كەتتى. ئىنتايىن ئاز ساندىكى پارتىيە ئەزالىرى ھەتتا توپىلاڭغىمۇ قاتنىشىپ، دۈشمەن تەرەپتە تۇردى. بۇ ئاچچىق ساۋاق بولۇپ قالدى. يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىشنى دەرھال ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىمىز ۋە ھۆكۈمەتلىرىمىزنىڭ مۇھىم ئىش تەرتىپىگە ۋە خىزمەت كۈن تەرتىپىگە كىرگۈزۈش كېرەك.

4) دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ۋە دىنىي پائالىيەت-

لەرگە بولغان باشقۇرۇشنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىش
كېرەك. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بىز پارتىيىنىڭ دىنىي
سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈردۇق، بۇ جەھەت-
تە ناھايىتى زور نەتىجىلەرنىمۇ قولغا كەلتۈردۇق. لېكىن
دىنىي باشقۇرۇش خىزمىتىمىزدە بىر مۇنچە يوچۇقلار ساق-
لاندى، قانۇنسىز ۋە قانۇنغا خىلاپ دىنىي پائالىيەتلەرگە
زەربە بېرىشىمىز كۈچلۈك بولمىدى. بۆلگۈنچىلىك قىلىش
بىلەن بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش
گەرچە مىللىي مەسىلە، دىنىي مەسىلە بولمىسىمۇ، لېكىن
ئىچكى - تاشقى دۈشمەن كۈچلەر شىنجاڭدا بۆلگۈنچىلىك،
ئاغدۇرمىچىلىق ئېلىپ بېرىشتا ھەمىشە مىللەت، دىن بايرىقى
بىلەن ئوتتۇرىغا چىقماقتا. ئۇلار دىنىي دالدا قىلىپ، دىنىي
نىقابقا ئورۇنۇۋېلىپ، ئاممىنى ئالداپ كەلدى ۋە قايمۇقتۇ-
رۇپ كەلدى. بۇ بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، دىنىي پائالى-
يەتلەرنى ئۇنۇملۇك ھالدا باشقۇرۇپ كېتەلمىدۇق، بەزى
جايلار ھەتتا ئۇنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن
قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەر ئەۋج ئېلىپ كەتتى. جەنۇبىي
شىنجاڭدىكى بەزى جايلاردا دىنىي پائالىيەتلەر ھەتتا تەل-
ۋىلىك دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى. ئىنتايىن ئاز ساندىكى
بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار دىن بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، بۆلگۈنچىلىك
ئىدىيىسىنى سىڭدۈرۈپ، ئىدىيە، جامائەت پىكرى ئىستىھ-
كامىنى، ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتىنى، ياش - ئۆسمۈر-
لەرنى تالاشتى، مەمۇرىي ئىشلارغا، ئەدلىيە ۋە نىكاھ ئىش-
لىرىغا ئاشكارا ئارىلاشتى. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى ئاساسىي
قانۇن، قانۇنلار، ئەمىر - پەرمانلار ۋە پارتىيىنىڭ سىيا-
سەتلىرىدە يول قويۇلىدىغان دائىرىدىن پۈتۈنلەي ھالقىپ

ىتى. قانۇنسىز ۋە قانۇنغا خىلاپ دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ
ۇلاردىكى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىغا ۋە ئاممىغا بولغان
سىمى بارغانسېرى زورىيىپ، ھەقىقەتەن بىر خىل مەنىۋى
ۇر ۋە مەنىۋى كىشەنگە ھەمدە ئىنتايىن ئاز ساندىكى
ىشلەرنىڭ بۆلگۈنچىلىك قىلىشتىكى مەنىۋى قورالىغا
ايلاندى. ئۇ ئېغىر، يامان ئاقىۋەت پەيدا قىلدى. بۇ
ىتىم بارىن يېزىسىدا ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنى
ىلانلىغان تايانچىلار دەل دىن بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ
ەكسىيەتچىل تەشۋىقات ئېلىپ باردى، ئاممىنى مەجبۇرلاپ
ۆزلىرىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي سۇيىقەستلىك ھەرىكىتىگە
اتناشتۇردى. ئۇلار مەسچىتلەرنى ئەكسىلئىنقىلابىي سۇيى-
ەستلىك ھەرىكەت ئېلىپ بارىدىغان سورۇنغا ئايلاندۇرۇۋال-
ى. بىز ئۆتكەنكى ھەسرەتلىك ئىشلارنى ئەسلىسەك
ىنىي خىزمىتىمىزدىكى تەجرىبە - ساۋاقلارنى ھەقىقەتەن
ەستايىدىل يەكۈنلەپ، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى
، دىنىي پائالىيەتلەرنى ھەقىقىي يوسۇندا ئوبدان باش-
ۇرۇشىمىز كېرەك.

5) ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىغا قەتئىي
ئىشىنىش ۋە تايىنىش كېرەك. خەلق ئاممىسى بارلىق
خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش، بارلىق غەلىبىلەرنى قولغا
كەلتۈرۈشنىڭ كۈچ مەنبەسى. شىنجاڭدا مۇستەقىل
بولىمىز دەيدىغانلار، بۆلگۈنچىلىك قىلىدىغانلار ھامان
ئىنتايىن ئاز ساندا. ئۇلار ھەر مىللەت خەلقىغە ۋەكىللىك
قىلالمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىمۇ ۋەكىللىك قىلالمايدۇ.
ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا رايونلىرىدا ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ياشاپ كەلگەن
شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئەزەلدىن بۆلگۈنچىلىككە

قەتئىي قارشى تۇرۇپ كەلگەن. ئۇلار ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش يولىدا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى تىنچ بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئۇلار پارتىيىنى، سوتسىيالىزمنى، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى قىزغىن سۆيىدۇ، ئۇلار ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدايدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايدىغان ئېسىل ئەنئەنىگە ئىگە. ئۇلار ئىلگىرى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتىكى تايانچ قوشۇن ئىدى، بۈگۈنكى كۈندىمۇ ھەتتا بۇندىن كېيىنمۇ يەنىلا بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتىكى تايانچ قوشۇن. بۇ قېتىم بارىن يېزىسىدىكى توپىلاڭنى تىنچىتىش كۈرىشىدە تېز غەلىبە قىلغانلىقىمىز شەكسىز ھالدا بۇ نۇقتىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى. بىز بۇ نۇقتىدىن ھەر قانداق چاغدا تەۋرەنمەسلىكىمىز كېرەك.

**5. يەنىمۇ سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، پۈتۈن شىنجاڭنى مۇقىملاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيلى**

بىز ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنى تىنچىتىشنىڭ ھەل قىلغۇچ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەن بولساقمۇ، لېكىن مەيلى ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش جەھەتتە بولسۇن ياكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ ئاپتونوم رايونىمىزنى مۇقىملاشتۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش جەھەتتە بولسۇن ئالدىمىزدىكى ۋەزىپىلەر ئىنتايىن مۇشكۈل، شۇڭا يەنىمۇ سەپەرۋەرلىككە كېلىپ مۇقىملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى چۆرىدىگەن ھالدا، تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم.

1) بارىن يېزىسىدىكى توپىلاڭنى تىنچىتىش خىزمە-

نى يەنمۇ ياخشى ئىشلەپ، توپىلاڭنى تىنجىتىش كۈرە-
نىڭ ئۇزۇل - كېسىل غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم.
بارىن يېزىسىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ تىنـ
بىشلىغاندىن كېيىن، ئىككىنچى قەدەمدە ئىشلىشىمىزگە تېـ
كىشلىك يەنە نۇرغۇن خىزمەتلەر بار، يوشۇرۇن قېچىپ
يۈرگەن ۋە سوقۇنۇۋالغان توپىلاڭچىلارنىڭ ھەممىسىنى
چوقۇم تۇتۇپ دېلو تۇرغۇزۇش؛ توپىلاڭچىلار بۇلاپ كەتـ
كەن قورال ۋە توپىلاڭچىلار ياسىغان ۋە سېتىۋالغان قو-
رال - ياراق، ئوق - دورىلارنىڭ ھەممىسىنى چوقۇم قول-
غا چۈشۈرۈش؛ ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭچىلارنىڭ تۈرلۈك
سايى قىلمىشلىرىنى چوقۇم ئۈزۈل - كېسىل پاش قىلىش؛
بۇ قېتىمقى ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنىڭ جەريا-
نىنى ۋە ئارقا كۆرۈنۈشىنى چوقۇم ئۈزۈل - كېسىل تەكـ
شۈرۈپ ئېنىقلاش كېرەك. بۇ خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلەپ،
ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنى تىنجىتىشنىڭ ئۇزۇل -
كېسىل غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم را-
يونلۇق پارتىيە كومىتېتى بارىن يېزىسىغا بىر كۈچلۈك
خىزمەت ئۆمىكى ئەۋەتتى، ئۇلارنىڭ ئەينى يىللاردىكى
يەر ئىسلاھاتى خىزمەت ئەترىتىگە ئوخشاش ئاممىنى چوڭـ
قۇر قوزغاپ، بۇزۇق كىشىلەرنى پاش قىلدۇرۇش بىلەن
بىر ۋاقىتتا، نورمال ئىشلەپچىقىرىش، خىزمەت ۋە تۇرمۇش
تەرتىپىنى تېز ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. بىز
يەنە تەييارلىق سوراق كۈچلىرىنى كۈچەيتتۇق، قولغا
چۈشكەن زورلاۋانلارنى تېزدىن تەكشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئىچـ
كى سىرىنى ئۇزۇل - كېسىل پاش قىلىپ، ئۇلارنىڭ جىـ
نايى قىلمىشلىرىدىن ھېساب ئالماقچىمىز. بارىن يېزىسىنىڭ

ئەترابىدىكى ناھىيە، شەھەر، يېزا، بازارلارمۇ ھەرىكەتكە كېلىپ قېچقۇنلارنى تۇتۇشقا ۋە قورال - ياراقلارنى يىغىۋېلىشقا ھەمكارلىشىشى لازىم. بىز بارىن يېزىسىنىڭ خىزمەتلىرىنى بۇ قېتىم ئۇزۇل - كېسىل ئىشلەپ، بەزى تەجرىبە - ساۋاقلارنى ھەقىقىي يەكۈنلەپ، ئۇنى جايلار پايدىلىنىدىغان ئەينەك قىلىپ، ھەقىقىي تۈردە يامان ئىشنى ياخشى ئىشقا ئايلاندۇرۇشقا بەل باغلىدۇق.

2) جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ۋىلايەت، ئوبلاستلار ئەھۋاللارنى يەنىمۇ تەھلىل قىلىپ، تەدبىر تۈزۈپ، ۋەزىپىلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇقىملاشتۇرۇشقا دائىر تۈرلۈك خىزمەتلەرنى قاراتمىلىقى بولغان ھالدا ئوبدان ئىشلىشى، بارىن يېزىسىدىكى ۋەقەگە ئوخشاش ۋەقەلەرنىڭ قايتا يۈز بېرىشىگە ھەرگىز يول قويماسلىقى كېرەك. شىمالىي شىنجاڭ ۋە باشقا جايلارمۇ ئۆز جايىدىكى جەمئىيەت ئەھۋالى ۋە دۈشمەن ئەھۋالىغا يۈكسەك دەرىجىدە دىققەت قىلىپ، مۇقىملاشتۇرۇشنىڭ تۈرلۈك تەدبىرلىرىنى ھەقىقىي تۈردە جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك. بىز ھەم يېزا - كەنتلەرنىڭ مۇقىملىق خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەشكە ئەھمىيەت بېرىشىمىز ھەم شەھەرلەرنىڭ مۇقىملىق خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەشكە داۋاملىق ئەھمىيەت بېرىشىمىز، بولۇپمۇ ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مۇقىملىق خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەشكە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ۋەقە بىزنى يەنە بىر قېتىم سەگەكلەشتۈرۈپ قويدىكى، مۇقىملىقنى تۇتۇشتا، ئىشنى چوقۇم يوشۇرۇن ئاپەتنى تۇتۇشتىن باشلاش كېرەك. ھەر قانداق مالىمانچىلىقنىڭ ۋە تاسادىپىي يۈز بەرگەن ۋەقەنىڭمۇ يۈز بېرىش ۋە راۋاجلا-

نىش جەريانى بولىدۇ، ئىشتىن ئاۋۋال شەپىسى كۆرۈلىدۇ. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەتلىرىمىز مۇقىملىق خىزمىتىنى تۇتۇشتا، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشى، ئەھۋالنىڭ بىخى سىزىلگەن ھامان قوغلاپ يۈرۈپ زەربە بېرىپ، قويۇۋەتمەي ئاخىرىغىچە تۇتۇپ، تىنچسىزلىق ئامىللىرىنى بىخ ھالىتىدىلا ئۆچۈرۈۋېتىشى، بىخلىنىشتىن بۇرۇن يوقىتىشى كېرەك. ئەگەر ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن ئاندىن تاقابىل تۇرغاندا، ئەھۋال مۇرەككەپلىشىپ كېتىدۇ. خىزمەتلىرىمىزگە، ھەتتا ئومۇمىي ۋەزىيەتكە زور زىيانلارنى سالىدۇ. سىياسىي - قانۇن تارماقلىرى جەمئىيەت ئەھۋالىغا يېقىندىن دىققەت قىلىپ، ئۇچۇر خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، تۈرلۈك ۋاستە ۋە يوللار ئارقىلىق، يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان تۈرلۈك ۋەقەلەرنى، مۇقىملىققا خەۋپ يەتكۈزۈش ئېھتىمالى بولغان ئەھۋاللارنى قاتتىق ئىگىلىشى لازىم، مەسىلە كۆرۈلسە ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىپ، ۋەقەنىڭ كېڭىيىپ يامراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى لازىم.

3) ئاساسىي قاتلامنىڭ خىزمىتىنى زور كۈچ سەرپ قىلىپ ياخشى تۇتۇش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى، خەلق ھۆكۈمەتلىرى بۇ مەسىلىگە ھەقىقىي تۈردە ئەھمىيەت بېرىشى، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەتلىرىنىڭ ئەھۋالىنى، بولۇپمۇ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا دائىر ئەھۋاللارنى كۈچ ئۈيۈشتۇرۇپ تەپسىلىي تەكشۈرۈپ ئىگىلەپ چىقىشى كېرەك. پالەچ، يېرىم پالەچ

هالەتكە چۈشۈپ قالغان، جەڭگىۋارلىقىنى يوقىتىپ قويغان ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى دەرھال تەرتىپكە سېلىش، رولىنى يوقاتقان ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەتلىرىنى يېڭىباشتىن قۇرۇشقا تۇتۇش قىلىش كېرەك. چوقۇم ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى ۋە ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەتلىرىنى ھەقىقىي تۈردە ماركسىزمچىلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇش كېرەك. ئىككى يىلدىن ئۈچ يىلغىچە ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئەستايىدىل تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىمىزنى ھەقىقىي تۈردە ئابرويغا ۋە جەڭگىۋارلىققا ئىگە رەھبەرلىك يادروسىغا ئايلاندۇرۇشىمىز، يېزا، كەنت ھاكىمىيەتلىرىنى ھەقىقىي تۈردە نوپۇزغا ئىگە ھاكىمىيەت ئورگانلىرىغا ئايلاندۇرۇشىمىز، بۇ ئارقىلىق يېزىلاردىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنى ھەقىقىي تۈردە ئۆزىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرىدىغان كەڭ كادىرلارنى نەمۇنىلىك رول ئوينايدىغان قىلىشىمىز كېرەك.

4) يېزىلاردا يەنە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، سوتسىيالىزم ئىدىيىسى، نەزەرىيىسى ۋە مەدەنىيىتى ئارقىلىق يېزىدىن ئىبارەت بۇ بازىنى ئىگىلەش كېرەك. ئاچقۇچلۇق بولغىنى شۇكى، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى ۋە باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئىدىيە، نەزەرىيە ۋە مەدەنىيەت تارماقلىرى ۋە خىزمەتچىلىرى چوقۇم سوتسىيالىزم يۆنىلىشىدە، پارتىيە رەھبەرلىكىدە، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا چىڭ تۇرۇشى، ۋەزىيەتكە ۋە تىنچ - ئىتتىپاق بولۇشتەك ئومۇمىيلىققا ھەر ۋاقىت ئېتىبار بېرىشى، ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشى كېرەك.

ۋەتتە، ئىدىيە، نەزەرىيە، مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ ھەممە
ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشى كېرەك.
5) دىنىي سورۇنلار ۋە دىنىي پائالىيەتلەرنى ھە-
قىي تۈردە ئوبدان باشقۇرۇش كېرەك. بىز دىنىي سو-
رۇنلار ۋە دىنىي پائالىيەتلەرنى بىر تەرەپتىن، ۋەتەنپەر-
ۋەر دىنىي زاتلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ۋە ئۇلارغا تايىنىش
ئارقىلىق باشقۇرۇشىمىز، يەنە بىر تەرەپتىن، ھەر دەرىجە-
لىك دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇش تارماقلىرىنى كۆپەيتىش
ۋە مۇشۇ تارماقلارغا تولۇق تايىنىش ئارقىلىق باشقۇرۇشى-
مىز كېرەك. نۆۋەتتە، بىز پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەر-
كىنلىكى سىياسىتىنى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دىنغا ئېتى-
قاد قىلىش ئەركىنلىكى بارلىقىنى، دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق
ئەركىنلىكىمۇ بارلىقىنى، ھەر قانداق كىشىنىڭ باشقىلارنى
دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا مەجبۇرلىشىغا بولمايدىغانلىقىنى، بو-
لۇپمۇ 18 ياشتىن تۆۋەن ياشلارنى دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا
مەجبۇرلاشقا بولمايدىغانلىقىنى قايتا تەكىتلىشىمىز كېرەك.
دىننى چوقۇم قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇشىمىز كېرەك. دىنىي
پائالىيەتلەر چوقۇم دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنى، قانۇنلىرى،
پەرمانلىرى ۋە پارتىيىنىڭ سىياسىتى يول قويغان دائىرە
ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. دىنىنىڭ مەمۇرىي ئىشلارغا
ۋە ئەدلىيە، مائارىپ، نىكاھ ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋېلىشىغا
قەتئىي يول قويۇلمايدۇ. تۈرلۈك قانۇنسىز دىنىي پائالى-
يەتلەرنى قەتئىي چەكلەش، بولۇپمۇ دىننى نىقاب قىلىپ
ئېلىپ بېرىلغان تۈرلۈك قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنى ۋە
ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنى پاش قىلىش ۋە ئۇنىڭغا
... لازىم.

بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي توپى-
لاڭنىڭ ساۋىقىدىن پايدىلىنىپ، زوراۋانلارنىڭ دىن باي-
رىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئاممىنى قايمۇقتۇرغان، ئالدىغان،
تۈرلۈك شوئارلىرىنىڭ، نۆۋەتتىكى ئەكسىيەتچىل
ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلاپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما-
غا ئۇلار بىلەن چەك چېگرىنى ئېنىق ئايرىش توغرىسىدا
تەربىيە بېرىش كېرەك. تەستىقسىز ئېچىلغان دىنىي مەك-
تەپلەرنى قەتئىي ئەمەلدىن قالدۇرۇش لازىم. بۇنىڭدىن
كېيىن دىنىي مەكتەپ ئېچىشتا، چوقۇم تەستىقلىتىش
كېرەك. ئىسلام دىنىي جەمئىيەتلىرى ئادەمنى،
دەرسلىكنى ۋە ئوقۇغۇچىنى بېكىتىپ
بېرىشى ھەمدە ئۇلارنى تەشكىللىك، پىلانلىق
ھالدا ئېچىشى ۋە ئۇنىڭغا بولغان باشقۇرۇشنى ھەقىقىي
تۈردە كۈچەيتىشى كېرەك. ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار بى-
لەن ئىتتىپاقلىشىش، ئۇلارنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى
داۋاملىق ياخشى ئىشلەپ، ئۇلارنىڭ نورمال دىنىي پائا-
لىيىتىنى قوغداپ، ئۇلارنىڭ تىنچ، ئىتتىپاقلىقنى قوغداش-
تىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم.

6) پارتىيە رەھبەرلىكىنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىش
كېرەك. بىرجاي بىر ئورۇننىڭ مۇقىملىق خىزمىتىنى ياخشى
تۇتۇشتىكى ئاچقۇچ شۇ جاي، شۇ ئورۇننىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى-
نىڭ، رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ كۈچلۈك بولۇشىدا، ھەر دەرى-
جىلىك رەھبەرلەر ماركسىزملىق مىللەت قارىشىنى تىكلىشى
كېرەك. ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ
تۈپ مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ھەق - چوڭ ناھەق
مەسىلىلەردە بايرىقى روشەن، مەيدانى مۇستەھكەم بولۇشى،
بولۇپمۇ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەرگە

قارشى كۆرەش قىلىش داۋامىدا، چوقۇم قەتئىي تەۋرەنـ
مەي كۆرەشنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرۇش لازىم. بۇ جە-
ھەتتە مۇجمەللىشىپ قېلىشقا ۋە تەۋرىنىشكە يول قويۇلـ
مايدۇ. ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ مۇقىملىقنى تۇتۇش
خىزمىتىدىكى ئىپادىسىنى ۋە دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى
بۆلگۈنچى كۈچلەرگە قارشى كۆرەش قىلىش داۋامىدىكى
ئىپادىسىنى ئۇلارنى كۆزىتىش ۋە ئىشقا قويۇشنىڭ مۇھىم
ئۆلچىمى ۋە ئاساسى قىلىشىمىز كېرەك. ھەر دەرىجىلىك
رەھبەرلىك بەنزىلىرى ۋە ھەر مىللەت كادىرلىرى ئۆزىنىڭ
نەمۇنىلىك ھەرىكىتى بىلەن ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىـ
پاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، تىنچ - ئىتتىپاق بولغان سىيا-
سىي ۋەزىيەتنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن
كۆرەش قىلىشى لازىم.

يولداشلار، بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنـ
قىلابىي قوراللىق توپىلاڭ تىنجىتىلدى. مەركىزىي كومـ
تېتنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق، بۇ ۋەقەنىڭ ھەقىقىي
ئەھۋالىنى شىنجاڭدا جامائەتكە ئېلان قىلىۋاتىمىز. بىز
يەنە بۇ قېتىمقى ۋەقەنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ۋە توپـ
لاڭنىڭ تىنجىتىلىشىغا دائىر ھەقىقىي، ئومۇمىيۈزلۈك ماتېـ
رىيالنى دەرىجىمۇ دەرىجە تۆۋەنگە ئۇقتۇرىمىز. بىز بۇ
ئارقىلىق ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت كادىرلىرىنى،
ھەر مىللەت خەلقىنى بۇ ۋەقەدىن چوڭقۇر ئىبرەت ۋە
تەربىيە ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، تۈرلۈك خىز-
مەتلىرىمىزنى تېخىمۇ ئوبدان ئىشلەپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىم-
لىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشىمىز، شىنجاڭنىڭ ئۇزاق
مۇددەت تىنچ - ئامان بولۇشىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇ-
رۇشىمىز لازىم.